# هلم نخرج من ظلمات التيه!

## كېلىڭلار! باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!

ئاپتورى: مۇھەممەد قۇتۇب (مىسىر)

# مۇندەرىجە


1. ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى ................ 3
2. كىرىش سۆز ........................ 26
3. بىز باياۋانغا قانداق كىرىپ قالدۇق؟ ........ 40
4. باياۋاننىڭ ھەجمى .................. 69
5. مۇبارەك ئويغىنىش .................. 171
6. بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان كېلەچەك ............ 192

## ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

(مۇھەممەد قۇتۇب... ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى بايلىقى)



(ئاپتورنىڭ سۈرىتى)

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب گەرچە ئاكىسى، «يول بەلگىسى» ۋە «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئىسلامى ئەدىب سەيىد قۇتۇبقا ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر بولمىسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلامى ھەرىكەتتىكى تەسىرىنى ھەرگىزمۇ ئاكىسى سەيىد قۇتۇبنىڭ تەسىرىدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىتابلىرى، ئەسەرلىرى، لېكسىيىلىرى، يوليورۇقلىرى ۋە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن، زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئۇنىۋېرسىتېت رىسالىلىرى بىلەن مۇكەممەل بىر ئىدىيىۋى «مەكتەپ»نى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، شەرق ۋە غەربتە ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىرى كۆنسىرى كۈچەيمەكتە.

تۇغۇلۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش:

مۇھەممەد قۇتۇب 1919- يىلى 26- ئاپرېل مىسىر تۈزلەڭلىكىدىكى ئاسيۇت ۋىلايىتىگە قاراشلىق مۇشا يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى قۇتۇب ئىبراھىم شازىلى يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ بىرى ئىدى. قۇتۇب ئىبراھىم گەرچە ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇ يېزىدىكى ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دېھقان زىيالىيلارنىڭ قاتارىدىن سانىلاتتى.

ئانىسى پاتىمە ئوسمان خانىم دىنى ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئىلمخۇمار ئايال ئىدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھمەد ھۈسەيىن مۇشا ئەدەبىي تالانتى ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئەدىب ۋە شائىر ئىدى. ئۇ مۇخبىرلىق ۋە سىياسى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. مۇھەممەد قۇتۇب ئۇنى سەيىد قۇتۇپ ۋە ئاببىاس مەھمۇد ئۇقاد بىلەن بىر قاتاردىكى داڭلىق ئۈچ ئەدىبنىڭ بىرى دەپ قارايتتى.

قۇتۇب ئىبراھىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پاتىمە خانىم ئوغۇللىرى مۇھەممەد بىلەن سەيىدنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنى قاھىرەگە ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. مۇھەممەد قېرىندىشى سەيىد، ھەمشىرىلىرى ئەمىنە ۋە ھەمىدە بىلەن بىللە قاھىرەگە كەلدى. ئۇ قاھىرەگە كېلىپ، شۇ يەردىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتىدا ئوقۇدى. ئۇ 1940- يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ،

پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇدى ھەمدە مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ئالدى.

مۇھەممەد قۇتۇب ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۆت يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى تەرجىمە ئىدراسىدە بەش يىل ئىشلىدى. كېيىن يەنە ئىككى يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىقىدا كىتاب تۈزۈش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئىككى قېرىنداشنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى:

ئۇستاز سەيىد قۇتۇب ئىككى يىل (1949 ـ 1950) ئامېرىكىدا تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇتۇب ئائىلىسى مىسىردا پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشقا باشلىدى. چۈنكى، سەيىد قۇتۇب قەلەم كۈرىشىگە ئاتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ھەر ۋاقىت دۈشمەن ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت بولغاچقا، ئۇنىڭ قاماققا ئېلىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى.



ئۇستاز سەيىد قۇتۇب

1952 ـ يىلى ئىيۇلدا ئىنقىلاپ پارتىلىدى. ئىنقىلاپچىلار ئىسلامى يۆزلىنىشتىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ۋە ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپلا «قېرىنداشلار» بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان «جامائەت» مۇتەپەككۇرى سەيىد

قۇتۇپ بىلەن توقۇنۇشتى.

توقۇنۇش تاكى 1953- يىلىنىڭ باشلىرىدا سەيىد قۇتۇپ قېرىنداشلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن چاقىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، 1954- يىلى ئۆكتەبىردە يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان مەشھۇر «زۇڭتۇڭغا قەست قىلىش ۋەقەسى» يۈز بەردى (چۈنكى، جامال ئابدۇناسىر «قېرىنداشلار»غا ئۆزىگە سۇيىقەست قىلىش جىنايىتى بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ئىدى). ۋەقە يۈز بېرىپ، ئارقىدىنلا سەيىد قۇتۇپ، مۇھەممەد قۇتۇپ ۋە قېرىنداشلارنىڭ باشقا رەھبەر ۋە ئاساسلىق ئەزالىرى قاماققا ئېلىندى. ھەربى تۈرمىدە ئىككى ئاكا-ئۇكا بىر-بىرىدىن يىراق بولغان ئايرىم-ئايرىم كامىرغا قامالدى. ئۇلار بىر-بىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. بىر-بىرىنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغىنىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار ھەربى تۈرمىدە ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەھشەتلىك ئازاپ ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى.... ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، مۇھەممەد قۇتۇپ تۈرمىدىن چىقتى. ئەمما، سەيىد قۇتۇپ بولسا، جاللاتنىڭ چاڭگىلىدا ئون نەچچە يىل قېلىپ قالدى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ھەربى تۈرمىدىكى ئازاپ ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەربى تۈرمىدىكى ئازاپ مېنىڭ روھى دۇنيايىمغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇ تەجرىبە خاراكتېرلىك قىيناش ئىدى. ئۇ شۇ قەدەر قاباھەت ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان ئازاپ ئىدىكى، ئۇ ھەقتە مەن، پەقەت ‹ئۇ مېنىڭ روھى

دۇنيـايىمنى ھەر قايـسى تەرەپـتىن بىـر پۈتـۈن ئـۆزگەرتتى، دېيەلىشىم مۇمكىن... مەن ئىلگـىرى ئەدەبىيـات، شـېئىرىيەت ۋە مەۋھۇم ھـېس-تۇيغـۇلار ئىچىـدە ياشـايتتىم. چوڭقـۇر بىـر گــاڭگىراش مېنــى قىينىماقتــا ئىــدى. مەن ئــۇنى «زالالەت» نــاملىق قەســـدەمنىڭ تۆۋەنـــدىكى قۇرلىرىـــدا مۇنـــداق تەسۋىرلىگەن ئىدىم:

ئۆتمەكتە ھەر كېچە، ئاقماقتا راۋان،
چېچىلدى خىيالىم، يوقالدى ئامان.

كائىنات ئۈستىدە كۆرۈنسە بىر ھەق،
زالالەت ئىلكىدە ئادەملەر قايان؟.

بۇ پانى دۇنيادىن ئىزدىشەر نېمە؟
(يەتمىدى مەقسەتكە، تاپمىدى ھايان).

مەن ۋە ھەم كۆڭلۈمنى چىرمىغان ئويلار،
بارىمىز ئاخىرقى شۇ مەنزىل تامان.

تۈگەيدۇ بىر-بىرلەپ، تۈگەيدۇ ھەممە،
قۇملۇقلار قېتىغا كۆمۈلۈپ ھامان.

نامەلۇم چۆللەردە يۈرەر ھاياتلىق،
پەرۋاسىز ئايلىنار، ئايلىنار جاھان.

بۇ خىل گاڭگىراش ھاياتىمدا ماھىيەتلىك كرىزىس پەيدا

قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىمغا بولغان كۈچلۈك تەسىرى تاكى مەن تۈرمىگە تاشلانغانغا قەدەر بىر قانچە يىل داۋاملاشتى. مەن ھەربى تۈرمىگە قامالغان ئاشۇ دەقىقىلەردىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازاپ-ئوقۇبەت ئاخىرى مېنىڭ گاڭگىراشلىرىمنى تۈگىتىپ، ھاياتىمغا مەنە ئېلىپ كەلدى.... مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ھېس قىلدىم، بەلكى، مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تاپتىم. روھىمدىكى ‹ئويلار› نىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ھەقىقەت الله يولىدا مېڭىش، الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى. بۇ يولدا ماڭغۇچى ئازغۇن ئەمەس، بەلكى، توغرا يول تاپقۇچى ئىدى. ئۇ ئەجەل تەقدىر قىلىنغان دەقىقىلەردە ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەندە، ئۇنىڭ قىلغانلىرى ھەرگىزمۇ بىكارغا كەتمەيتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۈن - تىنسىز يوقۇلۇپ كەتمەيتتى، بەلكى، اللهنىڭ قېشىغا باراتتى ۋە ھەممىنى شۇ يەردە تاپاتتى.

تۆت كوچا ئېغىزى دەل ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەن دەقىقىلەر ئىدى.... زالالەت كوچىسىدىكى تېڭىرقاشلىرىم ئاخىرى تۈگىدى. ئۆزۈمنى قايتىدىن توغرا يول ئۈستىدە تاپتىم.

مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ يۈكى مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى. ئىلگىرى ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئاكام كۆتۈرەتتى. ھەممىمىز شۇنىڭغا ئادەتلەنگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ھاياتىنىڭ بىر تالاي مۇشەققەتلىرى مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدا خىللا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ئىدىم.... ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ، 1964-يىلى مايدا ئاكام سەيىد - الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! -

كېسەللىك سەۋەبىدىن كەچۈرۈم قىلىندى دېگەن نام بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. مەن بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشنىڭ ئەكسىچە ئىچ-ئىچىمدىن بىئاراملىق ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاكامنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ئارقىلىق تۈرمىدىنمۇ يامانراق بىر سۇيقەستنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. مەن ئويلىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئاكام ھەربى تۈرمىدىن ئايرىلىپ بىر يىل ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئىشلار يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىز سۇيقەستچىلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىن بىزنى قورشاپ بولغانلىقىنى بىلدۇق. 1965-يىلى تۇتقۇن قىلىش باشلىنىپ كەتتى. مەن ۋە ئاكام سەيىد يەنە تۈرمىگە تاشلاندۇق. 1966-يىلى 29-ئاۋغۇست (دۈشەنبە) تاڭ سەھەردە ئاكام سەيىد ‹قىرىنداشلار› نىڭ ئالتە رەھبىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. مەن تۈرمىدە (1965-يىلى 30-ئىيۇلدىن 1971-يىلى 17-ئۆكتەبىرغىچە) ئالتە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. ئاكام سوت قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن باشقا، چوڭ ئاچامنىڭ ئوغلى رەفئەت سوراق جەريانىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئاچام نەپىسە، ئەمىنە ۋە سىڭلىم ھەمىدەمۇ بىز بىلەن بىللە تۈرمىگە تاشلانغان بولۇپ، سىڭلىم ھەمىدە دەھشەتلىك سوراقنى باشتىن كۈچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆڭۈلگە كەچمىگەن ئېغىر ئازاپ ۋە قىيىن-قىستاقنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنياۋى خىرىستىئانلار ۋە خەلقئارالىق يەھۇدىيلارغا ۋاكالىتەن دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان ‹مۇسۇلمان› دېگەن نامنى كۆتۈرۈۋالغان مەخلۇقلارنىڭ ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئىدى.

بىراق، تۇرلۇك ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە تولغان بۇ ئالتە يىل شۇ قەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان يىللار دۆۋىسىنى ھاسىل قىلدى».

دېمەك، قۇتۇب ئائىلىسى مىسىردا ناسىرچىلار تۇزۇمىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە يەتكۈدەك ئۇچرىدى. ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئازاپ-ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۇردى.

سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھجرەت قىلىش:

1971-يىلى ئۆكتەبىردە «قېرىنداشلار» جامال ئابدۇناسىرنىڭ تۇرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن كوللىكتىپ ھالەتتە سەئۇدى ئەرەبىستانغا كۆچتى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش «قېرىنداشلار»نىڭ جامائەت شەكلىدە مىسىردىن ھجرەت قىلىپ چىققىپ كەتكىنىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ 70-يىللارنىڭ بېشىدا «قېرىنداشلار» بىلەن بىرلىكتە سەئۇدى ئەرەبىستان مەملىكىتىگە سەپەر قىلغاندىن بىرى، تا ھازىرغىچە شۇ يەردە ياشاپ كەلمەكتە.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب دەسلەپتە مەككىدىكى «ئۇممۇل قۇرا» ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن جىددىدىكى پادىشاھ «ئابدۇلئەزىز» ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلدى. سەئۇدى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت خاراكتېرلىك ئىسلامى مەكتەپ تەسىس قىلىشتىكى بارلىق پەزىلەت ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبقا مەنسۇپ! ئۇ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مەكتىپى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت قىيىنچىلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا

زىچ ئـالاقە ئورناتقـان بىـر قـانچە ئۇنىۋېرسـتېت رىـسالىلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ رىـسالىلەر كىتـاب ھالىتىـدە نەشـر قىلىنغانــدىن كېــيىن ئۇلارنىــڭ تەســىرى ســەئۇدى ئەرەب مەملىكىتىدىن ھالقىپ باشقا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغــا يېتىــپ بــاردى. دوكتــۇر ســەپەر ھاۋالىنىــڭ «ئەلمانىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققى قىلىشى ۋە ئۇنىـڭ بۆگـۈنكى ئىـسلامى ھايـاتتىكى تەسـىرلىرى» نـاملىق ئەسـىرى بىلەن شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سەئىد قەھتانىنىڭ «دوسـتلۇق ۋە دۈشمەنلىك چېگرىسى» ناملىق ئەسىرى بۇ رىـسالىلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقى ھېساپلىنىدۇ.... ئۇستاز مۇھەممەد قۇتـۇب 1988- يىلـى دۇنيـاۋى ئىـسلام تەتقىقاتچىلىرىغـا تارقىتىلغـان پادىشاھ فايسال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ مىسرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى يىللاردىن بىرى مەككە- مۇكەررەمىدە ياشاپ كەلـدى. ئـۇ 2009- يىلـى 9-ئاينىـڭ 1- كــۈنى مــېڭە پەردە يــاللۇغى كېــسەللىكى بىــلەن ســەئۇدى مەملىكىتـــى جـــددە خەلقئـــارالىق داۋالاش مەركـــزى دوختۇرخانىسىغا ئېلىـپ بېرىلغـان بولـۇپ، ئـۇ ھـازىر ئاشـۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

سەيىد قۇتۇبنىڭ مۇھەممەد قۇتۇبقا كۆرسەتكەن تەسىرى:

ئالـدىنقى ئەسـىرنىڭ 60- يىللىرىـدا جامـال ئابدۇناسـىر تەرىپىـــدىن ئۆلـــۈمگە ھۆكـــۈم قىلىنغـــان «مۇســـۇلمان قېرىنداشـلار»نىـڭ مۇتەپەككـۇرى ئۇسـتاز سـەيىد قۇتـۇب مۇھەممەد قۇتۇبدىن 12 ياش چوڭ ئىدى. ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغانـدىن كېـيىن، ئـۇ مـۇھەممەد قۇتۇبقـا نىـسبەتەن ئـائىلە باشلىقى، دادا ۋە دوستىنىڭ ئورنىدا ئىدى.


ئۇستاز سەيىد قۇتۇب سوتتا

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە ئەقلىي قۇرۇلمىسىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەلىم تەربىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان كىشىنىڭ ئاكىسى سەيىد قۇتۇب ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تەربىيە تەرەپتىن ئېيتقاندا، مەن بىلەن ئاكام ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك بىر مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مېھرىبانلىق بىلەن كەسكىنلىك بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇزغۇنچى يۇمشاقلىق ۋە نەپرەتلەندۈرگۈچى قاتتىقلىق ئەمەس ئىدى. ئاكام مېنى ھەر قايسى ساھەلەردە ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئۆزىمۇ ئوقۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىلھامى مەندە بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا دەرسلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان روھنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى».

مۇھەممەد قۇتۇب ئىككى قېرىنداش ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى بىرلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن زېھنىم ئېچىلىپ، ئاڭغا ئىگە بولغىنىمدىن بىرى ئاكام سەيىدنىڭ ئىدىيىۋى يۈزلىنىشلىرى بىلەن ياشاپ كەلدىم. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىن باشلاپ، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ساھەلىرىگە قاتناشتۇراتتى. ماڭا ئوخشىمىغان تېمىلارغا قارىتا مۇنازىرە قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەتتى. شۇ سەۋەپتىن بىزنىڭ ئىدىيىلىرىمىز، پىكىرلىرىمىز ۋە روھلىرىمىز ئۆز-ئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا

قېرىنداشلىق ۋە بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىشمۇ ئارىمىزدا زور دەرىجىدە يېقىنلىق ۋە ھەمكارلىقنى ھاسىل قىلدى.

مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئىدىيۋى پرىنسىپى:

بۇ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى غەرب، غەربنىڭ ماددى مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيۋى كۆز-قاراشلىرىغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئاچچىق تەنقىدى بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. ئەينى چاغدا لىبېرالىزم، كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيىلىرى ئىسلام ئەللىرىنى قاپلىغان، كۆپلىگەن ئاخبارات ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىنى ئىگەللىگەن بولۇپ، بۇ خىل نەزىرىيىلەر 50-60-يىللاردا ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىلمىي ئىنستىتۇتلاردا ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىنىپ ئۆگىتىلەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ خىل نەزىرىيىلەرنى تەنقىد قىلىدىغان، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ۋە مائارىپ سۈپىتىدە ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا تەدبىقلاشقا يارىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدىغان بىر بۆلۈك باشلامچى خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى يازدى.

ئۇ غەربنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى تەنقىد قىلىش دائىرىسىدە بارلىق پەنلەرنى ۋە ئۇنى تەدبىقلاشنى ئىسلامى قىممەت ۋە ئىسلامى ئەخلاق ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇشقا چاقىرغان دەۋەت مەسئىلىنى كۆتۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ياۋروپادا ئومۇمەن ئىجتىمائى پەنلەر، خۇسۇسەن پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق دەپ ئاتالغان پەنلەر پرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئوبيېكتىپ ھالدا مۇسۇلمانلار مەسىلىسىنى چىقىش قىلغان پەنلەر ئەمەس. ئۇنىڭدىكى مەنبە اللە ئەمەس، بەلكى، ئىنسان بولغانلىقى

ئۇچۇن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالمايدۇ.... بۇ پەنلەر گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلاپ، ياۋروپادا شۇ جايدىكى يەرلىك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن دىنىنى دۈشمەن بىلىدىغان مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. بىز ئۇنى شۇ پېتى نەقلى قىلدۇق. بىلىپ-بىلمەي ئۇنىڭ شۇ خىل دىنغا قارشى روھى بىلەن مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدا دەرسلىك قىلدۇق».

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيۋى ھۇجۇمنىڭ ئەقىل ۋە روھىمىزنى قاپلىۋالغان بېسىمىدىن قۇتۇلۇش پەيتى يېتىپ كەلدى. بىز بۇ پەنلەرنى دىن بىلەن ئىلىم، دىن بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلمايدىغان ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم».

مانا بۇ ئۇستازنىڭ ھاياتى ئۇنىڭغا باغلانغان تۈپ ئىدىيە.

مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتاب ۋە ئەسەرلىرى:



ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب لىۋىيىلىك دەۋەتچى شەيخ سالىم بىلەن بىللە

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى لېكسىيە سۆزلەش، كىتاب يېزىش ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىدىيە، تەربىيە ۋە ئەدەبىيات... قاتارلىق كۆپ خىل تېمىدا بولۇپ، سانى 30 پارچىدىن ئاشىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى

جايلىرىدىكى ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇستاز 90 يىللىق ئۆمرىنى رىئاللىقنى ئىسلامى كۆزنەك ۋە «غەربنىڭ مائارىپ نەزىرىيىسى»گە قارشى بولغان مائارىپ قارىشى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە سەرپ قىلدى.

ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئەمما، روشەن تېما خاسلىقىغا ئىگە بولغان بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

1. 20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت.

2. بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىز (ئۇيغۇرچىغا «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان).

3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى («مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»نىڭ داۋامى).

4. «لا إلـه إلا الله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھاياتنىڭ پرىنسىپى.

5. بىز ئىسلام تارىخىنى قانداق يازىمىز؟.

6. ئەلمانىيلار ۋە ئىسلام.

7. خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام.

8. ئىجتىمائى پەنلەرنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە.

9. ئىنسانىيەتنىڭ روھىيتى ھەققىدە تەتقىقاتلار.

10. ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىزچىللىق.

11. ئىسلامنىڭ تەربىيە يولى (1ـ2ـ قىسىم).

12. ئىسلام سەنئىتىنىڭ پرىنسىپى.

13. ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان.

14. قۇرئان تەتقىقاتى.

15. بىز مۇسۇلمانمۇ؟.

16. روھىيەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە.

17. پەيغەمبەردىن تامچىلار (تاللانمىلار).

18. ئەنئەنە كۈرىشى.

19. ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار.

20. تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر.

21. ئاپغانىستان جىھادى ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇملىرى.

22. قۇرئان كەرىمدىن ئېلىنغان تەربىيىۋى دەرسلەر.

23. ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئىسلامى نۇقتىدىن كۆزىتىش.

24. شەرىئەتنى يولغا قويۇش ھەققىدە.

25. بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى ھەققىدە خاتىرىلەر.

26. شەرقشۇناسلار ۋە ئىسلام.

27. مۇسۇلمانلار ۋە يەر شارىلىشىش.

28. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ!.

29. ئاقارتىش مەسىلىسى.

30. ئايالالار ئازاتلىقى مەسلىسى.

31. كېلىڭلار! باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!.

32. بىز كىشىلەرنى قانداق دەۋەت قىلىمىز؟.

33. ئىماننىڭ ئاساسلىرى.

34. تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە.

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى «20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا غەرب ۋە غەرب يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا ئىنسانىيىتىنىڭ تەسەۋۋۇر، ھەرىكەت، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، جىنسىيەت ۋە سەنئەت.... قاتارلىق ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە بۇزۇلۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى دۇنيانىڭ ئىنسانلىرىغا ئوخشاش جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ھالىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرى «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا «ھەر قايسى ئېقىملار»غا قارىتا تەنقىدى مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ نەزىرىيىلىرىنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاستا-ئاستا پارچىلىنىۋاتقانلىقىنى روشەن سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ ئەسەر ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن شەرىئەت فاكۇلتېتلىرىدا ئاساسلىق مەنبەگە ئايلانغان.

ئاپتورنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە» بولۇپ، ئاپتور

بۇنىڭدا مۇسۇلمان تارىخچىلارنى ئۇممەتنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئۇلارنىڭ تارىخى تەتقىقاتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىسلامى ئەندىزە بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىنى قايتىدىن يېزىپ چىقىشقا چاقىرغان.

سۆھبەت جەريانىدا ئاپتورغا «سىز قايسى ئەسىرنىڭزنى ئەڭ بەك ياخشى كۆرىسىز؟» دېگەن سوئال قويۇلغاندا، ئاپتور بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئادەتتە ئاپتورلار: ‹مېنىڭ ئەسەرلىرىم گويا مېنىڭ باللىرىمغا ئوخشايدۇ. مەن ھەممە باللىرىمنى ياخشى كۆرگىنىمگە ئوخشاشلا، بارلىق ئەسەرلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن› دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەمما، مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم ‹ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان› بولۇپ، بۇ ئەسەر مېنىڭ باشقا ئەسەرلىرىمگە قارىغاندا قەلبىمدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ ئاساسلىق يۆنىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە تەربىيە ۋە پسىخولوگىيە ھەققىدە يازغان بىر قانچە ئەسىرىم ئاشۇ خىل يۆنىلىش بويىچە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ‹20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت› مۇ ئەسەرلىرىم ئىچىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ جاھىلىيەتنىڭ ماھىيىتىگە بولغان ھەقىقى قارىشىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ: جاھىلىيەت مۇئەييەن زامان ياكى دەۋرگە قارىتىلمايدۇ، بەلكى، ئۇ ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇت بولىدىغان ھالەت. بۈگۈن ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيانقى ئەڭ رەزىل جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ».

ھەيران قالارلىق سۈكۈت:

مۇھەممەد قۇتۇب ئاكىسى سەيىد قۇتۇبنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەن «ئىدىيىسى»نى ۋە سەيىد قۇتۇبقا يۈكلەنگەن «ھەممىنى كاپىر دەيدىغان كۆز-قاراش»لىرىنى قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈن زور تەنقىد ۋە تاپا-تەنىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ سەيىد قۇتۇبنىڭ ئىدىيىسىگە نىسبەتەن سادىقلىق بىلەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى نەشىر قىلىدى ۋە كىتابلارنىڭ بېسىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

بىر قىسىم كىشىلەر: سەيىد قۇتۇب ۋە مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتابلىرى ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىگە باغلانغان جامائەتلەرنىڭ «ئوزۇق» مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ جامائەتلەرنىڭ ئاشۇ ئەسەرلەر بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار گاھىدا سەيىد قۇتۇب ئاندىن كېيىن مۇھەممەد قۇتۇب جاھىلىيەت ۋە ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىگە ئالاقىدار تەرەپلەردە ئىشلەتكەن سۆز ۋە ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەينەن ئىشلىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، «بازا تەشكىلاتى»نىڭ داھىيسى ئۇساما بىن لادىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بولۇپ، مۇھەممەد قۇتۇب ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئازغىنە شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇساما بىن لادىننىڭ «بىن لادىننىڭ ئەقلى-ئىقتىدارى قانداق شەكىللەندى؟» ناملىق تەرجىمىھالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىۋېرسىتېتتا بىن لادىننىڭ ھاياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى شەخس بولۇپ، ئۇلار ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ۋە شەيخ ئابدۇللا ئەززام ئىدى».

مۇھەممەد قۇتۇب 20-ئەسىردىكى ئىسلام ئويغىنىش

ھەرىكىتىنىڭ مەيدانىغا كىلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك يەتتە مۇتەپەككۇر ۋە ئالىمنىڭ① بىرى. ئۇ دۇنيا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيسى. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىنى اللەنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە يەر شارىدا اللەنىڭ ھاكىمىيتىنى قۇرۇش يولىدىكى كۆرەشكە بېغىشلىدى. شۇنداقتىمۇ، 50ـ60 يىلدىن بىرى ئەرەبـ ئىسلام دۇنياسىدا ھاكىمىيەت بىلەن ئېغىزـ بۇرۇن يالىشىپ ئادەتلەنگەن ئۆلىمالار مۇھەممەد قۇتۇبنى ئىزچىل تۈردە تەنقىدلەپ ۋە ئەيىبلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب پەرۋاسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئىسلامى مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، جاھىلىيەت بىلەن بولغان كۈرەشنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.... مۇھەممەد قۇتۇب دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوخشىمىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان ياش ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ياشلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە تەرجىمە قىلىپ بىرـبىرىگە يەتكۈزىدىغان ئەسەرگە ئايلاندى.

ئىسلامى ھەرىكەت يەنىمۇ بەكرەك تەربىيىگە مۇھتاج:

(مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كامال ھەبىب بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى)

كامال ھەبىبنىڭ بايانى: ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب مېنى مەككەـمۇكەررەمىدىكى ئۆيىدە كۈتۈۋالدى. بىز ئامېرىكىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان قاباھەتلىك ھۇجۇمىدىن كېيىن

① سەئىد نۇرەسى، ھەسەنۇلبەننا، ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى، ئەبۇلھەسەن نەدەۋى، سەيىد قۇتۇب، مۇھەممەد قۇتۇب ۋە ئابدۇللا ئەززام.

ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام ھەرىكىتى دۇچ كەلگەن يېڭى قىيىنچىلىقلار ھەققىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. مۇشۇ خىل ئەھۋالدىمۇ مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ مەسىلىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاۋاتقانلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىر يامانلىق بىلەن بىر ياخشىلىق بىللە كېلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان ھۇجۇمدا بۇ يامانلىققا ياندىشىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ ياخشىلىق ئامېرىكىنىڭ نىقاۋىنىڭ يىرتىپ تاشلىنىشى بولۇپ، ئەمدى ئامېرىكا دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن «ئادالەتنىڭ ھامىيسى» دەپ قارالمايدۇ. ھەممە نەرسە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئۇرۇش مەخپىي، يوشۇرۇن ھالەتتە ئەمەس، بەلكى، گۇۋاھچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالەتتە داۋاملىشىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكىغا يەھۇدىيلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، 11- سېنتەبىر ۋەقەسىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ «ئويۇنى» ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. ھەمدە بۇنىڭدىن «خەلقئارالىق ئوپېرا»نىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ كۈنسىرى كۈچىيىدىغانلىقىنى، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ئاڭ ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئۇستاز بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىز ئىككى سائەتتىن كۆپرەك داۋاملاشتى. ئەمما، ئۇ ئۆزى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمىدى. ھەتتا، ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش تەلىۋىمنىمۇ پۈتۈنلەي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز باشقا

تېمىلادا سۆزلەشتۇق.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب مىسىردىكى ئىسلامى جامائەت سادىر قىلغان كەمچىلىكلەر ھەققىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يازغان ئەسەرلىرىدە يېتەرلىك كۈچ توپلاشتىن ئىلگىرى ئەرەب دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسى تۈزۈملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەر تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ۋە اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تۈردە تەكىتلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە اللەنىڭ:

{وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الآيَاتِ وَلِتَسْتَبِينَ سَبِيلُ الْمُجْرِمِينَ}

«گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق روشەن بايان قىلىمىز①» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى.

ئۇستاز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئىسلامى جامائەت رەھبەرلىكى سىياسى تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇرىدىغان ئاڭ ۋە تەجرىبىنى يوقىتىپ قويغان».

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «بۈگۈن خەلقئارالىق مەيداندا ۋە پەلەستىنىدە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر مېنىڭ قارىشىمدا قىيامەتنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ، مۇسۇلمانلار ۋە

① سۈرە ئەنئام: 55- ئايەت.

ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا، بىر يەھۇدى تاش ياكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا ئاشۇ تاش ياكى دەرەخ: ئى مۇسۇلمان! ئى اللەنىڭ بەندىسى! بۇ يەھۇدى مېنىڭ ئارقامدا، كەل، ئۇنى ئۆلتۈر! دەيدۇ» دېگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ».

ئۇ بۇنىڭغا اللەنىڭ سۈرە ئىسرادىكى:

{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ لِيَسُوءُوا وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا الْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا مَا عَلَوْا تَتْبِيراً}

«ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى خاراب قىلىشى) ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق) ①».

{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفاً}

«ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز ②» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ تەپسىرشۇناسلارنىڭ يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدىكى: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن يەر شارىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن پەلەستىنگە كەلدى» دېگەن

① سۈرە ئىسرا: 7 ـ ئايەت.

② سۈرە ئىسرا: 104 ـ ئايەت.

سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب غەربنىڭ ئىسلامغا تۇتقان مەيدانىنىڭ ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئەھلىسەلىپ مەيدانى ئىكەنلىكىنى، غەربلىكلەرنىڭ: «بىز ئىسلام بىلەن چىقىشىپ ئۆتىمىز ياكى ئىسلامغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز» دېگەن گەپلىرىنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇق شوئار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ھەمدە غەربتىكى، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈنسېرى ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە خەتەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تېخىمۇ ئېغىر خەتەر ئۈچۈن تەييارلىنىش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى.

ئاخىرقى بىر سوئال:

بىز ئۇستازدىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كەڭرى تارقالغان: «سەيىد قۇتۇب ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى مائارىپ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش تەكلىۋىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق ئېغىر جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغان» دېگەن گەپنىڭ راست-يالغانلىقىنى سورىدۇق.

مۇھەممەد قۇتۇب بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئاكامنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تەكلىۋىنى رەت قىلىشى ساقچىلار بىلەن ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزاققا سوزۇلغان ئاشۇ قاباھەتلىك كۈرەشنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولغان كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى. ئەمما، ئۇ بۇ يەردىكى ئاساسلىق سەۋەپ ئەمەس. چۈنكى، سەۋەپ «يول»نىڭ ئوخشىماسلىقى ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە ئاكامنى بويسۇندۇرىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق، ئاكامنىڭ

ھەق ئۇستىدە ۋە اللەنىڭ دىنىدا ئىزچىل تۇردە مۇستەھكەم تۇرۇشى دۇشمەنىنىڭ «تاما»سىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1966 ـ يىلى ئاكامغا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاكامغا جامال ئابدۇناسىردىن كەچۈرۈم سوراش ۋە «قېرىنداشلار»نىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىش تەكلىۋىنى قويدى. ئەگەر ئاكام ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلسا، ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قاماقتىكى بارلىق ئەزالارنى قاماقتىن بوشىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، ئاكام بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، شەھىد قىلىنىش ئارقىلىق ئاخىرقى «پارلاق مەنزىل»گە يەتتى.

اللە ئىككى ئۇستازنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەي! ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلغاي! ئۇلارغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي! (ئامىن)

ـ تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

## كىرىش سۆز

كېلىڭلار! باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!.....

مانا بۇ، تىلى بىلەن «لا إله إلا الله ، محمد رسول الله» (بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى) دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن پۈتكۈل ئۇممەتكە قىلىنغان چاقىرىق بولۇپ، «لا إلــه إلا الله» دېگەن بۇ ئۇلۇغ كەلىمە مۇشۇ ئۇممەتنى (ئىسلام ئۇممىتىنى) تۇنجى قېتىم ۋۇجۇدقا چىقاردى ھەمدە يەرشارىدىكى ۋە تارىختىكى ھەر قانداق ئۇممەت (مىللەت) ئەزەلدىن قولغا كەلتۈرەلمىگەن يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

{كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ}

«(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر①».

«لا إله إلا الله» دېگەن بۇ ئۇلۇغ كەلىمە مۇشۇ ئۈممەتنىڭ (ئىسلام ئۇممىتىنىڭ) ئىنسانىي ھاياتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە جانلىق ھەركەتلىنىشىگە تۈرتكە بولدى ھەمدە ئۇلارنى ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ۋە روھىي .... مەيدانلاردا يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈردى. ئىلگىرى ھېچقانداق ئورنى بولمىغان بۇ ئۇممەت

① سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.

شۇنىڭدىن كېيىن يەر شارىدا زور بىر ئەسلىمنى قالدۇردى. (يەنى ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس نامى تارىخنىڭ چوڭقۇر بېتىدىن ئورۇن ئالدى).

تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ هاياتىدىكى بۇ زور ئىشلار «لا إله إلا الله»نى ئاغزىدا مۇنداقلا دەپ قويۇش بىلەنلا مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى، «لا إلــه إلا الله»نى ئۆز ماهىيىتى بىلەن چىن قەلبىدىن ئېتىش ۋە ئۇنىڭ تەلىۋىگە ھەقىقى ئەمەل قىلىش نەتىجىسىدە ئاندىن مەيدانغا كەلگەن. ئەسىرلەردىن بېرى تارىخ سەھىپىلىرىدە ساقلىنىپ كەلگەن بۇ ئاجايىپ ئىشلارنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى ئىدى.

{وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً}

«الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا هۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم هۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا هېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ①».

ئەينى چاغدا ئىسلام ئۈممىتى گەرچە پۈتكۈل مەۋجۇدىيىتى بىلەن رېئال دۇنيادا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ «ئۆلگە دۇنياسى»دا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. ئەمما بۈگۈن ئۈممەتنىڭ

---

① سۈرە نۇر: 55-ئايەت.

ھاياتى ئەمەلىي «ئۆلگە» لەردىن نەقەدەر يىراق-ھە!. بۈگۈنكى رېئاللىقتا ئادەتتىكى ئۆلگىلەرنى تېپىشمۇ نېمە دېگەن قىيىن-ھە!.

بۈگۈن ئىسلام ئۈممىتى - الله رەھىم قىلغان كىشىلەردىن باشقىلار - باياۋان زۇلمەتلىرى ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى باياۋاندىن چىقالماسلىق جازاسىغا مۇپتىلا قىلغان بولۇپ، ئۇلار قىرىق يىلغىچە باياۋاندا ئادىشىپ يۈرگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار اللەنىڭ مۇقەددەس زېمىن (پەلەستىن) غا كىرىش بۇيرۇقىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇلارنى ئاشۇنداق جازالىغان ئىدى.

{وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَعَلَ فِيكُمْ أَنْبِيَاءَ وَجَعَلَكُمْ مُلُوكاً ، وَآتَاكُمْ مَا لَمْ يُؤْتِ أَحَداً مِنَ الْعَالَمِينَ. يَا قَوْمِ ادْخُلُوا الْأَرْضَ الْمُقَدَّسَةَ الَّتِي كَتَبَ اللَّهُ لَكُمْ ، وَلا تَرْتَدُّوا عَلَى أَدْبَارِكُمْ فَتَنْقَلِبُوا خَاسِرِينَ. قَالُوا يَا مُوسَى إِنَّ فِيهَا قَوْماً جَبَّارِينَ وَإِنَّا لَنْ نَدْخُلَهَا حَتَّى يَخْرُجُوا مِنْهَا ، فَإِنْ يَخْرُجُوا مِنْهَا فَإِنَّا دَاخِلُونَ. قَالَ رَجُلانِ مِنَ الَّذِينَ يَخَافُونَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيهِمَا ادْخُلُوا عَلَيْهِمُ الْبَابَ فَإِذَا دَخَلْتُمُوهُ فَإِنَّكُمْ غَالِبُونَ، وَعَلَى اللَّهِ فَتَوَكَّلُوا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ. قَالُوا يَا مُوسَى إِنَّا لَنْ نَدْخُلَهَا أَبَداً مَا دَامُوا فِيهَا فَاذْهَبْ أَنْتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ. قَالَ رَبِّ إِنِّي لا أَمْلِكُ إِلَّا نَفْسِي وَأَخِي ، فَافْرُقْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ. قَالَ فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيْهِمْ أَرْبَعِينَ سَنَةً يَتِيهُونَ فِي الْأَرْضِ فَلا تَأْسَ عَلَى الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ}

«ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: ‹ئى قەۋمىم! اللەنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد قىلىڭلار، الله ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرۈسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك

چۇشۇرۇپ بېرىش قاتارلىق) نېمەتلەرنى بەردى. ئى قەۋمىم! الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان (يەنى سىلەرنى كىرىشكە ئەمر قىلغان) مۇقەددەس زېمىنغا (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر› . ئۇلار: ‹ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى جاسارەتلىك، قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگىچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇيەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز› دېدى. اللهدىن قورققۇچىلاردىن بولغان، اللهنىڭ (ئىمان تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشە ئىبنى نۇن) ئۇلارغا: ‹(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر (اللهنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، اللهغا تەۋەككۈل قىلىڭلار› دېدى. ئۇلار: ‹ئى مۇسا! مادامىكى، ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى› دېدى. مۇسا دېدى: ‹پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزۈمگە ۋە قېرىنداشلىرىمغىلا ئىگىمەن، سەن بىز بىلەن (ئىتائىتىڭدىن باش تارتقان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن› . الله دېدى: ‹ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ. پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن›[1]» .

[1] سۈرە مائىدە: 20 ـ 26 ـ ئايەتلەر.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ 40 يىلغىچە باياۋاندىن چىقالماسلىق جازاسىغا مۇپتىلا قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ قەۋم فىرئەۋننىڭ مۇستەملىكىسى ۋە قۇللۇقى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەچكە ئىلاھىي ئەلچىلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە زېمىندا اللەنىڭ قانۇنىنى يولغا قويۇشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىنى، بۇلۇپمۇ الله تەرەپتىن ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن ئامانەتنى ئادا قىلىش ئىرادىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ئىدى. شۇڭا الله ئۇلارنى بىر مۇددەت ئاشۇ باياۋاندا قالدۇرۇش ئارقىلىق جازالىدى. بۇ جەرياندا قۇللۇق ۋە خارلىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ قورقۇنچاق ئاتىلار ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى چۆلدە ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى بىر ئەۋلادلار ئىگىلىدى. بۇ يېڭى ئەۋلادلار باياۋاندا تۇغۇلۇپ، جاپا ۋە مۇشەققەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە تاۋلاندى. جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان كۈچلۈك ئىرادىگە ئىگە بولدى .... نەتىجىدە الله ئۇلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇلارنى زېمىندا كۈچىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئىسلام ئۇممىتى بۈگۈن باياۋاندا ياشاۋاتىدۇ. بىراق، بۇ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ياشاپ ئۆتكەن ھېسسىي باياۋان بولماستىن، بەلكى، مەنىۋىي باياۋاندۇر. يەنى ئىدىيە، ھېس-تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر ۋە ھەرىكەت يوللىرىدىكى باياۋاندۇ.

اللەنىڭ بۇ ئۇممەتنى بۈگۈنكىدەك مۇنداق مەنىۋى باياۋانغا تاشلاپ قويۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇممەتنىڭ الله ئۇلارغا يۈكلىگەن ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتقانلىقى ياكى ھورۇنلۇق قىلىپ جىم ئولتۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئەمەلىيەتتە ئۇممەتنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە ياخشىلىقى ئاشۇ ئامانەتكە باغلىق بولۇپ، ئامانەتنى ئادا قىلىش ئۇممەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئىكەنلىكىنى ئاللە ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى.

{وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً}.

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق.①».

ئىسلام ئۇممىتى باياۋانغا كىرىپ قالغىلى بىر قانچە ئەسىر بولدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇممەت ئىسلام شەرىئىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنى اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان جاھىلىيەت قانۇنلىرىغا ئۆزگەرتكەن؛ ئۆزىنىڭ ئىسلامىي قىممەت، ئەخلاق ۋە ھەرىكەت پرىنسىپلىرىنى غەربنىڭ قىممەت، ئەخلاق ۋە ھەرىكەت پرىنسىپلىرىغا ئالماشتۇرغان؛ اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىدىيە، تۈزۈم، ئىدىئولوگىيە ۋە پرىنسىپلارنى كاللىسىدا تەرەققىيات، يۈكسىلىش ۋە مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى دەپ خام خىيال قىلغان غەربتىن قوبۇل قىلغان چېغىدىلا باياۋانغا كىرىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان ئىدى.

تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇممەتنىڭ غەرب ئالدىدىكى ھەربىي مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى ھەيرانلىقى، غەربكە بولغان قايىللىقى ۋە ئالدىنىشى دەل ئۇممەتنى

① سۈرە بەقەرە: 143-ئايەت.

هازىرقىدەك ئازاپ-ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلغان باياۋاننىڭ باشلىنىشىدۇر.

تارىخقا نەزەر سالساق، ئۇممەت ئەسىرلەر جەريانىدا بىر قانچە قېتىم ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىش نەتىجىسىدە ئاجىزلاشقان، يىگىلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكىرى دۇنياسىغىلا بېكىنىپ قالغان ئەھۋاللار بولغان. ئەمما ئۇممەت ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە دىنىغا چىڭ ئېسىلىپ، توغرا دىنغا ئەمەل قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇممەتنىڭ مەغلۇبىيىتى كۆچىيىپ، ھارغىنلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاسلا قالغان. شۇنداقتىمۇ، ئۇممەت ئۆز مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرغان. قانداق ئەھۋاللار يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسلامىي سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ھەققىدە ئويلاپ باقمىغان ھەتتا شۇ ھەقتىكى چاقىرىقلارغىمۇ قەتئىي قۇلاق سالمىغان ئىدى.

ئەمما ئەھۋال تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. ئۇممەت غەرب ئالدىدىكى ھەربىي مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. بۇ قايتا ئويلىنىش ئۇممەتنى ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۇممەتنىڭ پۈتكۈل ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن، ئىززەت، غورۇر، كۈچ ۋە شان-شەرەپنىڭ مەنبەسى بولغان توغرا دىندىن چەتنەش ۋە يىراقلىشىشتەك ناتوغرا تاللاشقا ئېلىپ باردى.

مانا ئەمدى ئۇممەت باياۋاندا ھەر تەرەپكە چۆرگىلەيتتى. توغرا يول ئىزدەيتتى. ئەمما، ئۇممەت «توغرا يول»نى تېپىش زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان جايدىن ئىزدەۋاتتى.

ئۇممەت يېقىنقى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان باياۋانغا كۆنسىرى ئىچكىرلەپ كىرىپ كەتتى....

اللەغا كۆپ شۈكرىلەر بولسۇنكى، ئاخىرى «ئويغىنىش» بارلىققا كەلدى.... ئۇممەت بىر مەزگىل مۈگدەپ قالغان ھەمدە باياۋاندا چۆرگىلەپ يۈرگەن مەزگىللەردە تاشلاپ قويغان ھەقىقى توغرا يول ۋە ھەقىقى كۈچ-قۇۋۋەت مەنبەسىگە قايتىش ئۈچۈن ئۇممەتنىڭ بايراقدارلىرى باياۋاندىن چىقىشقا باشلىدى.

بىراق، «ئويغىنىش» ھېلىھەم يولنىڭ باشلانمىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇممەتنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە بار، ئۇممەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر ئەترەت ياكى جامائەت ھېلىھەم باياۋان زۇلمەتلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

اللە ئۇممەتكە باياۋاندا ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتىنى قانچىلىك تەقدىر قىلدى؟، بۇ بىر غەيب ئىش بولۇپ، بۇنى اللەدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بىراق، بىز ئۇممەتنىڭ ئۆزىنى ئاشۇ باياۋاندىن چىقىرىدىغان ۋاقتى ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى دەپ ئويلايمىز. چۈنكى، ئۆتمۈشتە غەربكە ئالدىنىش ئۇممەتنى مۇشۇ باياۋانغا كىرگۈزۈپ قويغان بولسا، ئۇنداقتا يېقىنقى بىر ئەسىر ياكى يېرىم ئەسىر جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىشلار غەربنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. غەربنىڭ نىقاۋى يىرتىپ تاشلانغان كېيىن ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ غەربنىڭ ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ ھامىيسى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنمەس بولدى.

سىربلارنىڭ بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنادا ئېلىپ بارغان ئەھلى-سەلىب قىرغىنچىلىقى ھەمدە پۈتكۈل غەرب خرىستىئانلىرىنىڭ بۇ خىل ۋەھشى قانخورلۇققا قارىتا

شەرمەندىلەرچە سۆكۈت قىلىپ تۇرۇشى ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن مۇنداق ئىككى چوڭ ھەققەتنى ئېچىپ بېرىدۇ:

بىرىنچى: ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا غەربنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۇشۇرۇنۇپ ياتقان ئەھلى-سەلب ئۆچمەنلىكىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلۈكى.

ئىككىنچى: ئۆزىنى باشقىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، باشقىلارنىڭ سۆز ئەركىنلىكىگە يول قويۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان «ئىنسانىي» مەدەنىيەت دەپ داۋا قىلىۋاتقان ئاشۇ ئاتالمىش مەدەنىيەتنىڭ نەقەدەر ساختا ۋە يالغانلىقى.

گەرچە غەرب دۇنياسى ئىلمىي ۋە ماددىي جەھەتتە تەرەققى قىلىپ، ئاي شارىغا ھەتتا مارىسقا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق، غەرب مەدەنىيىتى تارىختىكى بارلىق مەدەنىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ يالغان ۋە ساختا مەدەنىيەتتۇر.... ئىلىم ۋە پەن-تېخنىكا ھەر قانداق مەدەنىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئامىللاردىن سانالسىمۇ، بىراق، بۇ خىل تەرەققىيات - يەككە ھالەتتە- ھەقىقىي مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ.... بەلكى، ھەققىي مەدەنىيەت «ئىنسان»نى ئۆز ماھىيىتى بىلەن يۈكسەلدۈرىدۇ.... يەنى، ئىنساننى ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا تەرىپىدە ئەمەس، بەلكى، پۈتكۈل ئىنسانىي مەۋجۇدىيەت ئىچىدە يۈكسەلدۈرىدۇ.... ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە، بىر «پۈتۈنلۈك» ئىچىدە يۈكسەلدۈرىدۇ.

{يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ادْخُلُوا فِي السِّلْمِ كَافَّةً ، وَلا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ}

«ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى

ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر①».

«ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار»... يەنى بارلىقىڭلار بىلەن كىرىڭلار! ئاراڭلاردا ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ بارلىقى بىلەن... روھىي بىلەن، ئەقلى بىلەن، ھېس-تۇيغۇسى بىلەن، قەلبى بىلەن، ھەرىكەت پرىنسىپلىرى بىلەن ئىسلامغا كىرسۇن! ئىنسانىي مەۋجۇدىيەنىڭ قايسى بىر قىسمى ئىسلام ئىچىگە كىرمىسە، ئۇنىداقتا ئۇ شەيتانغا ئوزۇق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئاللىقاچان شەيتان كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، شەيتان ئىنسانىنى دۇنيادا دىنىدىن چىقىرىپ كۇپۇرغا كىرگۈزۈش، ئاخىرەتتە جەننەتتىن چىقىرىپ دەۋزەخكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييارلىق ھالىتىدە تۇرىدۇ. ھەتتا ئىنسانىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىسلام ئىچىگە كىرمىگەن ئاشۇ قىسمىنى دەۋزەخكە سۆرەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

{قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ، ثُمَّ لَآتِيَنَّهُمْ مِنْ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَنْ شَمَائِلِهِمْ وَلا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ}

«ئىبلىس ئېيتتى: ‹سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى

① سۈرە بەقەرە: 208-ئايەت.

كۆرسەن› ①» .

سىرىبلارنىڭ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادا ئېلىپ بارغان ئەھلىي ـ سەلىب قىرغىنچىلىقى ھەمدە پۈتكۈل غەرب خرىستىئانلىرىنىڭ بۇ خىل ۋەھشى قانخورلۇققا قارىتا شەرمەندىلەرچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى دەل ئاشۇ ساختا «مەدەنىيەت»نىڭ ھەقىقى ئۆلچىمى بولۇپ، بۇ ئۆلچەم ئاشۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقى مەنبەسىنى ۋە ئۇممەتنىڭ ھاياتىدىن قانچىلىك تەرەپنى شەيتانغا ئۇزۇق قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

گەرچە ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئاتالمىش «مەدەنىيەتلىك دۇنيا» سادىر قىلغان ياكى ئۇنىڭغا قارىتا شەرمەندىلەرچە سۈكۈت قىلغان ياكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭراتقان بىردىنبىر ۋەھشىلىك ئەمەس. چۈنكى، تاجىكىستان، ھىندىستان، كەشمىر، پەلەستىن، فىلىپپىن ۋە يەرشارىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ۋەھشى قىرغىنچىلىقلارنى ھەرگىزمۇ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىكى قىرغىنچىلىقلاردىن تۆۋەن دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدىكى غەرىبكە ئالدانغانلارنىڭ ھوشىغا كېلىدىغان ۋە ئۆزىنى باياۋان زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى.

ئەگەر غەرىبكە ئالدىنىش (غەرىبكە ئالدىنىش ئاخىرقى مەزگىللەردە ئۇممەتنىڭ ھاياتىدا ئەقىدە جەھەتتىكى بوشلۇقنى پەيدا قىلدى) ئۇممەت ھاياتىدىكى باياۋاننىڭ باشلىنىشى بولسا، ئۇنداقتا غەربنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئېچىلىپ

---

① سۈرە ئەئراف: 16 ـ 17 ـ ئايەتلەر.

قىلىشى ھېلىھەم باياۋاندا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ باياۋاندىن چىقىشى ئۈچۈن بېسىلغان تۈنجى قەدەم بولسۇن!.... ئىنسان ئىسلام دىنىغا تولۇق كىرمىگىچە، يەنى «لا إله إلا الله ، محمد رسول الله» نىڭ ماھىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغىچە ئۆزىنى باياۋاندىن قۇتقۇزالمايدۇ.

باياۋاندىن چىقىپ، توغرا يولغا قايتىش چاقىرىقى پۈتكۈل ئۇممەتكە، خۇسۇسەن ئويغىنىش ھەرىكىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ياشلارغا قىلىنغان چاقىرىق بولۇپ، بۇ ياشلار «يول»دا ئۇممەتنى يېتەكلەيدىغان، ئۇممەتنىڭ يولغا قايتىشىنى ۋە يولدا مېڭىشىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان باشلامچىلاردۇر.

{وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيماً فَاتَّبِعُوهُ وَلا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ}

«بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ①».

مەن بۇ سەھىپىلەردە ئۇممەتنىڭ باياۋانغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى؛ قىسقىغىنا بىر مەزگىلدە روھىي، ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئۇممەتنىڭ ھاياتىنى بىر پۈتۈن قاپلاپ كەتكەن ئاشۇ باياۋاننىڭ دائىرىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى؛ مۇبارەك ئويغىنىشنىڭ - گەرچە ئۇنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى ۋە چېچىلاڭغۇلۇقلىرى بولسىمۇ - مۇشۇ دەقىقىلەرگە قەدەر ئۆز رولىنى قانداق جارى قىلدۇرغانلىقىنى يېزىپ چىقتىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئويغىنىش ۋايىغا

---

① سۈرە ئەنئام: 153 ـ ئايەت.

يېتىپ، ئۇممەت باياۋان زۇلمەتلىرىدىن تولۇپ چىقىپ بولغان ھەممە اللەنىڭ ۋەدىسى بويىچە يەرشارىدا قۇدرەت تېپىپ كۈچەيگەن چاغدىكى - بىز ئۈزۈۈندىن بىرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان - گۈزەل كېلىچەكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىدىم.

{وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً}

«اللە ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ①».

ئۇممەتكە باياۋاندىن چىقىشنىڭ توغرا يولىنى ۋە يولدا مېڭىشنىڭ توغرا پرىنسىپىنى كۆرسىتىشكە اللە مەسئۇل.

{قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللَّهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَا وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ}

«ئېيتقىنكى، ‹بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) اللەغا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. اللە پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن› ②».

---

① سۈرە نۇر: 55- ئايەت.

② سۈرە يۇسۇف: 108- ئايەت.

ــ مۇھەممەد قۇتۇب.

## بىز باياۋانغا قانداق كىرىپ قالدۇق؟

مۇشۇ ئەسىردە بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادا يۈز بەرگەن ئەھلى ـ سەلىب ئۇرۇشى ئەمەلىيەتتە بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىلا باشلىنىپ بولغان..... بىز ئېنىق ئېيتالايمىزكى، بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى بىلەن باشلانغان. مىلادىيە 1492 ـ يىلى① ئىسپانىيىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىسلام دۆلىتى غەرناتە غۇلاپ چۈشتى. ئىسپانىيىدىكى قانلىق سوت مەھكىمىسى شۇ جايدىكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق بۇ كىچىك ئىسلام دۆلىتىنى ئاخىرى يىقىتتى. پاپا مۇسۇلمانلارنى ئىسپانىيىنىڭ سىرتىغا قوغلاپ چىقىرىش ھەمدە خرىستىئانلاشتۇرۇش چاقىرىغا ئاۋاز قوشمىغان مۇسۇلمانلارنى قىلىچ ئارقىلىق خرىستىئان بولۇشقا مەجبۇرلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

ماگېللان ۋە فاسكو داگاما قاتارلىق دېڭىزچىلارنىڭ دېڭىز سەپىرى ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىسلام دۇنياسىنى ئىستىلا قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، بۇ ئىسلام دۇنياسىغا بۆسۈپ كىرىدىغان ئاجىز نۇقتىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن قىلىنغان بايقاش خاراكتېرلىك سەپەر بولدى. دېمىسمۇ، بۇ يېڭى ئەھلى ـ سەلىب تاجاۋۇزچىلىرى تۇنجى

① 1992 ـ يىلى ئىسپانىيە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيىدىن قوغلانغانلىقىنىڭ 500 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. (ئاپتۇردىن).

قېتىملىق ئەھلى-سەلب ئۇرۇشىنى① قوزغىغان تاجاۋۇزچىلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خىل يۈنىلىش بويىچە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ شەرقتىكى كۈچى تەڭداشسىز بولغانلىقى (ياكى دۈشمەنىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا قورقۇنچلۇق بولغانلىقى) ھەممە بۇ قورقۇنچلۇق كۈچ ياۋروپانىڭ شەرقىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئىلگىرىكىدەك ئوچۇق-ئاشكارا تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يېڭى تاجاۋۇزچىلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈرىكى بولغان بەيتۇلمۇقەددەسكە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئافرىقىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھۇجۇمنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەتراپىدىكى يىراق ئەللەردىن باشلاشقا ئۇرۇندى. چۈنكى، ئۇلار بىرىنچى قېتىملىق ئەھلى-سەلب ئۇرۇشىدىكى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتى تېخى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. بۇ قېتىم ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىش ئۆتمۈشتىكىدەك يالغۇز خرىستىئانلارنىڭلا نىشانى بولماستىن، بەلكى، يەھۇدىيلارنىڭمۇ ئورتاق نىشانى بولدى. يەنى بۇ ئۇرۇشقا يەھۇدىي-خرىستىئانلار بىرلىكتە قاتناشتى. ئەمما، ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى.

ھىجرىيە 12-13- ئەسىردە (مىلادىيە 18-19- ئەسىردە) خرىستىئان تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھۇجۇمى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىسلام دۇنياسىنى مەركەز قىلدى ھەممە بۇ ھۇجۇم مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر

① خرىستىئانلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسنى بېسىۋېلىش مەقسىتىدە ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، مىلادىيە 10-ئەسىردىن 12-ئەسىرگىچە تولۇق 200 يىل داۋاملاشقان ھەمدە سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ چېكىندۈرۈشى بىلەن ئاخىرلاشقان توققۇز قېتىملىق ئەھلى سەلب ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

قانچە قېتىملىق قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپلىگەن ئەللىرىنى ئىستىلا قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى. يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ خرىستىئان تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا مەغلۇب بولۇشى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا تەسلىم بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

تەبىئىكى، بۇ مەغلۇبىيەت مۇنداقلا يۈز بەرگەن بولماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ كۆپلىگەن سەۋەپلىرى بار:

بىرىنچى، ئاشكارا سەۋەپ: بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم، پەن-تېخنىكا، ئىقتىساد، ھەربىي كۈچ ۋە قورال-ياراق جەھەتتە غەربنىڭ كەينىدە قالغانلىقىدەك ئاشكارا سەۋەپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتتا ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان غەرب ئالدىدا ھەربىي جەھەتتە مەغلۇب بولۇشى ھېچ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. مەسىلەن: مەملۇكىيە خانلىقى بىلەن ناپولېئون ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مەشھۇر «ئەمبابە جېڭى» بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. پۈتكۈل ئۇرۇش مەملۇكىيلارنىڭ مەغلۇبىيتى بىلەن 20 مىنۇتتا ئاخىرلاشتى. ئۇرۇشنىڭ بۇنداق تېز ئاخىرلىشىشى قانداقتۇر مەملۇكىيلاردىكى ھەربىي شىجائەتنىڭ كەملىكىدىن ياكى دۈشمەننى چېكىندۈرۈشكە بولغان قىزغىنلىقنىڭ كەملىكىدىن بولغان بولماستىن، بەلكى، ئۇلارنىڭ بىر قېتىم ئېتىپ بولۇپ بىردەم سوۋۇتمىسا شۇ ھامان ئوق سېلىپ ئاتقىلى بولمايدىغان، ئېتىلغانچە قىزىپ ئوقى يىراققا بارمايدىغان قالاق زەمبىرەكلىرىنىڭ ناپولېئوننىڭ ئارقا-ئارقىدىن ھەم تېز ھەم كۈچلۈك ئېتىلىدىغان ھەمدە ئوقى تېخىمۇ يىراققا بارىدىغان ئىلغار زەمبىرەكلىرى ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرالمىغانلىقىدىن بولدى.

بىراق، ئاشۇ تارىخى دەۋرنى ئاڭلىق تۈردە تەتقىق قىلغۇچى بۇنداق ئاشكارا سەۋەپلەر بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئاشۇ ئاشكارا سەۋەپلەرنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ھەمدە ئاشۇ خىل يىمىرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەقىقىي سەۋەپنى تېپىپ چىقىشى لازىم. بولمىسا ئۇ مەسىلىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ.

مۇسۇلمان تارىخچى ئاشۇ تارىخى دەۋرنى تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ كەم دېگەندە ئىككى نۇقتىدىن ياۋروپا تارىخچىسىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان مەيدانى بولۇشى لازىم.

بىرىنچى نۇقتا: خرىستىئانلارنى ئىزچىل تۈردە ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئەھلى-سەلب روھىنى تەكشۈرۈش. (ئىسلام تارىخ تەتقىقاتىدا بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ)، غەرب تارىخچىلىرى بۇ روھنى قەستەن يوشۇرىدۇ ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردە ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ ئۆتمۈشتىكى خرىستىئانلارنى ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندىگەن ئەھلى-سەلب روھي① بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق دېگەن نۇقتىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، تاجاۋۇزچىلارنى ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندىگىنى ئەھلى-سەلب روھى بولماستىن، بەلكى، نۇقۇل ئىقتىسادىي سەۋەپمىش. تاجاۋۇزچىلار بىر قىتىم دورا-دەرمەك ئىزدەش ئۈچۈن، بىر قېتىم ئەرزان خام ئەشيا ئىزدەش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم

① ئەھلى-سەلب روھي خرىستىئانلارنى ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندەيدىغان دۈشمەنلىك روھي بولۇپ، 10-ئەسىردىن 12- ئەسىرگىچە 200 يىل داۋاملاشقان توققۇز قېتىملىق ئەھلى-سەلب ئۇرۇشىدا خرىستىئانلار بو روھنى يوشۇرمىغان ھەمدە «بەيتۇل مۇقەددەسنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالايلى» دەپ ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا جار سېلىپ ئىسلام دۇنياسىغا بېسىپ كىرگەن. يول بويى بۇلاڭ-تالاڭ ۋە ئوغرى-قاراقچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

غەربلىكلەر ئىشلەپ چىقارغان ئېشىنچا مەھسۇلاتلارغا بازار ئىزدەش ئۈچۈن كېلەرمىش...

(ئەگەر بۇ گەپ راست بولسا، ئۇنداقتا) يېڭى ئەھلى-سەلىب ھۇجۇمىنىڭ باشلامچىسى فاسكو داگامانىڭ سۆزىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟!. ئۇ ئىسلامىي خەرىتىلەرنىڭ ياردىمى ۋە مۇسۇلمان دېڭىزچى ئىبنى ماجىدنىڭ يول باشلىشى بىلەن شەرقىي ھىندىستان ئارىلىغا يېتىپ كەلگەندە، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا: «مانا ئەمدى ئىسلامنىڭ بوينىغا سىرتماق سالدۇق، سىرتماقنى تارتساقلا ئىسلام تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ» دېدى. يەنە شۇنىڭدەك يېڭى ئەھلى-سەلىب ھۇجۇمىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان ماگېللان پاپادىن ئۆزىگە فىلىپپىن زېمىنلىرىنى ئەھلى-سەلىب بايرىقى ئاستىغا كىرگۈزۈشتەك بەلگىلىك نىشان بىلەن خرىستىئانلارنىڭ ھۇجۇمغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. پاپا ئۇنىڭ ھۇجۇمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىككىلىنىپراق ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان چاغدا، ئۇ دەرھال فىلىپپىن ئاراللىرىنىڭ بىرىگە بېرىپ ئەھلى-سەلىب بايرىقىنى تىكلىدى. ئەمما، شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى ئاخىرلاشتۇردى①.

يېڭى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئەھلى-سەلىب روھىنى يۇشۇرۇشى غەربنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلاردا ئۇلارنى «مۇقەددەس جىھاد»قا ئۈندەيدىغان دىنى روھنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى، تاجاۋۇزچىلارنىڭ - ئۇلار مەيلى

① مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا: «ماگېللاننىڭ سەپىرىنىڭ ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە ئىكەنلىكى، بىراق، شۇ جايدىكى ياۋايى ئادەملەر بۇ خىل ئىلمىي روھنىڭ قەدرىگە يەتمەي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن»لىكى سۆزلىنىدۇ (ئاپتوردىن)

خرىستىئانلار بولسۇن ياكى يەھۇدىيلار بولسۇن ياكى كالىغا چوقۇنىدىغانلار بولسۇن ۋەياكى بۇتپەرەسلەر بولسۇن ـ ئەڭ بەك قورقىدىغىنى جىھاد بولۇپ، ئۇلار ھىندىستان، ئالجىرىيە ۋە باشقا جايلاردا جىھادنىڭ تەمىنى خىلى ئوبدان تېتىپ باققان ئىدى.

ئىشغالىيەت مەزگىلىدىكى ئەنگلىيىنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى كرومېر ئۆزىنىڭ «يېڭى مىسىر» ( Modern Egypt) ناملىق ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازدى: «ئىلاھىي مەرھەمەت ئۇنى مۇنۇ ئەلنىڭ بېشىغا دەسسەتكەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى خرىستىئان مەدەنىيىتىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى مۇمكىن قەدەر كەڭرى دائىرىدە مۇستەھكەملەش ھەتتا ئۇنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت».

گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنى خرىستىئانلاشتۇرۇش يولىدا رەسمىي خىزمەت قىلماسلىق، ھەرخىل مۇراسىم ۋە دىنىي يىغىلىشلار قاتارلىق ئىسلام دىنىنىڭ ساختا كۆرۈنۈشلىرىنى چەكلىمەسلىك ھەققىدە ئېنىق يوليورۇق بولسىمۇ، بىراق بۇ مۇستەملىكچى ئەمەلدار قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەھلى ـ سەلىب روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئاشۇ ئىبارىلەرنى يازدى.

بۇ گەپنىڭ مەقسىتى تولىمۇ ئېنىق.... يەنى مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇش.... ھەممىگە مەلۇمكى، دۈشمەن مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەمما، مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەقسەتنى ئۇلارغا سەزدۈرمەسلىكنى ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ

گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىقنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خرىستىئانلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىپ قىلىپ، ئۇلاردىكى دىنى روھنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنى تېخىمۇ ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

كرومېرنىڭ تۆپ مۇددىئاسى يېڭى ئەھلى-سەلب ھۇجۇمىدىكى «خرىستىئانلىق روھ»نى يۇشۇرۇش، يەنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى مۇقەددەس جىھاد روھىنى قوزغاپ قويماسلىق ۋە مۇسۇلمانلارنى رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش. (بۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار تاجاۋۇزچىلارغا قارشى چىقمايدۇ)، مۇبادا قارشى چىقسىمۇ، تاجاۋۇزچىلارنى چۆچۈتىدىغان مۇقەددەس جىھاد روھىي بىلەن ئەمەس، بەلكى، (مىللەتچىلىك ياكى ۋەتەنپەرلىك دېگەندەك) باشقا بىر روھ بىلەن قارشى چىقىدۇ.

ئىشغال قىلىنغان ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدىن دىنى روھنى يوقۇتۇش ئۇچۇن غەرب تارىخچىلىرى: «ياۋروپا خىلى بۇرۇنلا دىننى چۆرۈۋەتكەن، دىن ياۋروپادا ئاللىقاچان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇشتىن قالدى. ھازىر ياۋروپانى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقىنى پەقەت ‹ئىقتىسادىي ئامىل› خالاس» دېيىشتى. باياۋاندىكى مەزگىلدە مۇسۇلمانلارمۇ مۇشۇ يالغان گەپنى تەكرارلاشقا باشلىدى. ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ چاقىرغۇچىلىرى بولسا - ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە - تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ھەر قانداق ئىسلامىي جىھاد ھەرىكىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۇچۇن ئۇنى (يالغان گەپنى) تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى.

توغرا، ياۋروپا ئاللىقاچان دىنىنى چۆرۈۋەتتى. شۇڭا ئۇ دىن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى

كۆچ بولۇشتىن قالدى. (ئەمما، ياۋروپا ئاللىقاچان دىنىنى چۆرۈۋەتكەن بولسىمۇ)، بىراق، ياۋروپالىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆجەيرىسىگە يۇشۇرۇنغان ھەمدە ياۋروپانى ئىزچىل تۈردە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان خرىستىئانلىق روھىنى زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. ياۋروپانىڭ ئۆز دىنىنى چۆرۈۋەتكەنلىكى رېئاللىق بولسا، ئۇنداقتا، ئىسلامغا قارشى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ئەھلى-سەلىب ئۆچمەنلىكىنىڭ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىپ قالغانلىقىمۇ ئوخشاشلا رېئاللىق. ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس مۇھەممەد ئەسەد ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن يازغان «تۆت كوچا ئېغىزىدىكى ئىسلام» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئۆچمەنلىك ياۋروپالىقلارنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى گۆدەكلىك مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولدى. شۇڭا، كېيىنكى پىشىپ يېتىلگەن مەزگىلىدىمۇ بۇ ئۆچمەنلىكنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە قادىر بولالمىدى. چۈنكى، بالىلىقتا خاراكتېرلەنگەن نەرسە بىر ئۆمۈر روھىيەتتە ساقلىنىپ قالىدۇ».

بىز مۇھەممەد ئەسەدنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىگە ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتىغا مۇھتاج ئەمەسمىز. چۈنكى، اللەنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە بەلگىلىمىسى بىزگە يېتەرلىكتۇر:

{وَلَنْ تَرْضَى عَنْكَ الْيَهُودُ وَلا النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ}

«سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ»①.

① سۈرە بەقەرە: 120- ئايەت.

بىزدىكــى بوســـنىيە ـ گېرېتـــسېگوۋىنادا يــۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقلارنىــڭ ئەمەلىــي خاتىرىـــسى بــۇ نــۇقتىنى ئەڭ ياخشى ئىسپاتلايدىغان «گـۇۋاھچى» بولـۇپ، ئـۇ ئىزاھلاشـقا مۇھتاج ئەمەس.

سېربلار بوسنىيە ـ گېرېتسېگوۋىنا رايونىدا مۇسـۇلمانلارغا قارىتا ۋەھشىيانە سۈيقەستلەرنى يۈرگۈزدى. ئۇلارنىـڭ شـان ـ شـــەرىپى ۋە ئىـــززەت ـ ھـــۆرمىتىگە دەخلـــى ـ تەرز قىلـــدى. مۇسـۇلمانلار بـۇ ۋەھـشىيانە سۈيقەسـتلەرگە قارىتـا سـۈكۈت قىلماستىن، بەلكى، ئۆزلىرىنى قوغداپ، ئۇلار بىلەن كـۆرەش قىلدى. بوسنىيە ـ گېرېتسېگوۋىنا رايونى بىلەن ھېچقانداق بىۋاسـتە يـاكى ۋاسـتىلىك مۇناسـۋىتى بولمىغـان ئەنگىلىـيە كونـسۇلى ئـوۋيىن سـۆز قىلغانــدا گويـا سـېرب تىلـى بىـلەن سۆزلەۋاتقاندەك سېربلاردىن مۇسۇلمانلارنى قاتتىق جازالاشـنى تەلەپ قىلــدى. ھەتتــا، ســېربلارنى ئــۆزلىرى ئويلىغانــدىنمۇ قاتتىقراق ئۇسۇل قوللىنىشقا دەۋەت قىلدى.

مۇسۇلمان تارىخچى گەۋدىلەندۈرۈشكە تېگىشلىك بولغـان، ئەمما، ياۋروپا تارىخچىسى زادى تىلغا ئالمايۋاتقان ئىككىنچـى نۇقتـا شـۇكى، مۇسـۇلمانلارنىڭ ئارقـدا قىلـشنى كەلتـۈرۈپ چىقارغـان بـارلىق سـەۋەپلەرنىڭ ھەقىقـي سـەۋەبى ئـاخىرقى مەزگىللەردە مۇسۇلمانلارنى قورشـىۋالغان ئەقـىدە جەھەتتىكـى قـالاقلىق، يەنــى «لا إلـــه إلا الله»نىـڭ مـاھىيىتىنى بىلمەسـلىك قالاقلىقىدۇر.

ئاجىزلىق بۇ دىنىنىڭ خـاراكېرى ئەمەس. بەلكـى، بـۇ دىـن كـۈچ ـ قـۇۋۋەت، جىھـاد ۋە قۇدرەتنىــڭ دىنىــدۇر. بـۇ دىـن (تۈنجى ئەۋلاد مۇسـۇلمانلار دەۋرىـدە) قىـسقىغىنا بىـر نەچچە يىــل ئىچىــدىلا پــارس ئىمپېرىيـــسىنى تەلتۆكــۈس يوقــاتتى.

زوراۋان رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يېرىمىنى بويسۇندۇردى. ياش تاجاۋۇزچى موڭغۇللار بىلەن قېرى تاجاۋۇزچى خرىستىئانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ئارقىغا چېكىندۈردى. يەر شارىنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىدى، كۈچەيدى، قۇدرەت تاپتى ۋە گۈللەندى.

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئاجىزلىق مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى ئىككىلەمچى ئېلېمېنت بولۇپ، ئۇلار تارىختا دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، دىندا مۇستەھكەم تۇرغان چاغدا ئاجىزلىق ئۇلارنىڭ قېشىغا يېقىن كېلەلمىدى. ئەمما، مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئاجىزلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن:

1) ئوسمانىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۆلەتنى مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىنكى ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا غەرق بولۇشى؛

2) مۇسۇلماننىڭ روھىي ئېنېرگىيىسىنى جۇغلاپ، ئاندىن ئۇنى جىھاددىن قايتۇرۇدىغان ۋە ئۇ جۇغلانغان روھىي ئېنېرگىيىنى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىنىڭ خىيالى لەززىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان روھىي لەززەتكە ئايلاندۇرىۋېتىدىغان سوپىزىمنىڭ زىكىر-تەسبىھ ھالقىلىرى؛

3) خوراپاتنىڭ كەڭرى تارقىلىشى، مەۋھۇم خوراپاتلارغا ئىشىنىش ۋە ھايات ياشاۋاتقان ياكى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ماشايىخلارغا مەنسۇپ «كارامەت»لەرگە چىڭ ئېسىلىش ھادىسىسىنىڭ كۆپىيىشى؛

4) تەبىي پەن بىلىملىرىگە، يەر شارىنى گۈللەندۈرۈشكە

سەل قاراش ۋە تەرەققىيات ئامىللىرىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك.

5) كىشىلەرنى ئۇممەتنىڭ ئاقىۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشنى تاشلاپ، پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشى بىلەنلا بولۇدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان سىياسىي ئىستىبدات.

6) دىنىنىڭ پەقەت ئىبادەت شۇئارلىرىغىلا مەركەزلىشىپ قېلىشى ياكى پۈتكۈل دىنىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا كىشىلەر ئۆرپ-ئادەت دەپلا رىئايە قىلىدىغان، روھتىن خالىي قۇرۇق ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشى؛

ئۇممەتنىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشىدىكى سەۋەپلەر قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاجىزلىق بۇ دىنىنىڭ خاراكتېرى ئەمەس ياكى قۇرئان ۋە ھەدىستىن كەلگەنمۇ ئەمەس ياكى بۇ دىنىنىڭ رېئال ھاياتقا توغرا تەدبىقلانغان ۋاقىتتىكى تارىخىدىن كەلگەنمۇ ئەمەس.

ياۋروپا تارىخچىسى بۇ ھەقىقەتنى ئېنىق بىلىدۇ.

{الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ}

«بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ»①.

ياۋروپا تارىخچىسى بۇنى ئېنىق بىلسىمۇ، بىراق، ئۇنى ھەرگىز ئاشكارىلىمايدۇ.

{وَإِنَّ فَرِيقاً مِنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ}

«ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ

---

① سۈرە بەقەرە: 146- ئايەت.

تۇرۇپ يوشۇرىدۇ»①.

ئەگەر ياۋروپا تارىخچىسى بۇ ھەقىقەتنى ئاشكارىلىسا، مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىپ قويىدۇ-دە، مۇسۇلمانلار ئىلگىرى ئۆزلىرى تاشلاپ كەتكەن ھەقىقىي كۈچ مەنبەسىنى قايتا تېپىۋالىدۇ ياكى بولمىسا مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىشكە، ئىسلامنىڭ ماھىيىتىگە قايتىشقا ئۈندەپ قويىدۇ. ۋەھالەنكى، غەرب دۇنياسى ھېچ نەرسىنى ئىسلامنى ئۆچ كۆرگەندەك ئۆچ كۆرمەيدۇ، ھېچ نەرسىدىن ئىسلامدىن قورققاندەك قورقمايدۇ.

ياۋروپا تارىخچىسى ۋە باياۋانغا غەرق بولغان ئاتالمىش مۇسۇلمانلاردىن غەربكە ئەگەشكەنلەر مەقسەتلىك ھالدا ئاشۇ ھەقىقەتنى يۇشۇرغاندىنمۇ قەبىھراق بىر جىنايەتنى سادىر قىلدى. يەنى «ئاجىزلىق، قالاقلىق، خوراپات، نادانلىق، بوشاڭلىق ۋە ھورۇنلۇق قاتارلىق بارلىق ئاپەتنىڭ يىلتىزى ‹دىن› ، شۇڭا ئىنسانلارنىڭ نادانلىق ۋە خوراپاتتىن ئازات بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان زەنجىر-كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلىشى ئۈچۈن دىنىنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك» دەپ قارىدى ھەمدە كىشلەرنىڭ دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ «دىن» دېگەن نام بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەقىقىي دىن ئەمەسلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويىدىغان ھەر قانداق ئالامەت ۋە بەلگىلەرنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇندى.

مەن بىلەن بىر ئىدارىدە (قاھىرە ئالىي مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى مەدەنىيەت ئىدارىسىدە) ئىشلەيدىغان بىر دوستۇمنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە 20-

---

① سۈرە بەقەرە: 146- ئايەت.

ئەسىرنىڭ ئاتمىشىنچى يىللىرىنىڭ بېشىدا ئاخىرقى قېتىم قاھىرەدىن ئۆتۈۋېتىپ، شەرقشۇناسلارنىڭ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپتۇ. شەرقشۇناس دوستۇمدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار ئىشلار ھەققىدە بىر مۇنچە سوئاللارنى سوراپتۇ ھەمدە سۆھبەت جەريانىدا، دوستۇمدىن:

- مۇھەممەد قۇتۇبنى تونۇمسىز؟ دەپ سوراپتۇ.

- ھەئە، تونۇيمەن - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دوستۇم.

- مۇھەممەد قۇتۇب ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنمۇ؟
- دەپ سوراپتۇ شەرقشۇناس.

- ياق، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن - دەپتۇ دوستۇم.

شەرقشۇناس ھاياتتا غەربنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ۋە غەرب پرىنسىپىغا ئەگىشىدىغان «ئەلمانىيلار»نى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بۇ فاكۇلتېتنى پۈتتۈرگەن بىرىنىڭ ئىسلام ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشىدىن ھەمدە دىنىي تېمىلاردا ئەسەرلەرنى يېزىشىدىن ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئەجەپلەنگەنلىكىنى ۋە بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ غورۇرىغا تەككەنلىكىنى يوشۇرالمايلا قېلىپتۇ.

كېيىن شەرقشۇناس مېنىڭ كىتابلىرىمنى، بولۇپمۇ «خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام①» ناملىق ئەسىرىمنى تەنقىدلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ مېنىڭ غەرب ماتېرىيالىزمىنى تەنقىدلەيدىغانلىقىمدىن ۋە غەربنىڭ روھتىن خالىي ماددىي مەدەنىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىمدىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ-دە، بوغۇلغان ھالدا دوستۇمغا:

---

① «شبهات حول الإسلام»

- سىلەر روھانىيلىرىڭلار بىلەن نېمە ئىش قىلدىڭلار؟، ئەگەر بىز ماددىي جەھەتتە تەرەققى قىلمىغان بولساق، سىلەر بۈگۈنكىدەك تۇرمۇشتا ياشىيالمىغان بولاتتىڭلار- دەپتۇ.

- مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئېيتىشچە ئىسلام پەقەت روھانىيلىقنىلا تەرغىب قىلمايدۇ، بەلكى، ئۇ ماددىي ئالەم بىلەن رۇھىي ئالەمنى بىرلەشتۈرىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككى ساھەدە ئوخشاشلا جانلىق ۋە ئاكتىپ بولۇشقا چاقىرىدۇ- دەپتۇ دوستۇم.

- ئۇنداقتا سىلەرنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىڭلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچىغۇ؟- دەپ سوراپتۇ شەرقشۇناس.

- مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئېيتىشچە بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ رېئاللىقى ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدىن پۈتۈنلەي يىراقلاپ كەتكەن- دەپتۇ دوستۇم مەن ھەققىدىكى سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ.

شەرقشۇناس بوغۇلغان ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا، ئورۇندۇقىدىن سەكرەپ چۈشۈپ: - ئۇ ئاشۇنداق دەمدۇ؟ قەيەردە دەيدۇ بۇ گەپنى؟ - دەپ چىچاڭشىپ كېتىپتۇ.

- مۇھەممەد قۇتۇپ «بىز مۇسۇلمانمۇ؟»ناملىق كىتاۋىدا شۇنداق دەيدۇ- دەپتۇ دوستۇم ئۇنىڭغا.

- بۇ ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىش- دەپتۇ شەرقشۇناس ئوچۇق-ئاشكارا تەرەپبازلىق قىلغان ھالدا.

توغرا، بۇ ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىش! بۈگۈن كىشىلەر ئىسلام دېگەن نام بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ماھىيەتتىكى ئىسلام ئەمەسلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈندىكىدە ناچار

ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى ئۇلارنىڭ ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىدىن بولغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويىدىغان خەتەرلىك ئىش.

* * *

مۇسۇلمان تارىخچى ئاشۇ تارىخى دەۋرنى يازماقچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ غەرب ئالدىدا يۈز بەرگەن ھەربىي مەغلۇبىيەتنىڭ ۋە ئۇرۇش مەيدانىدىكى مەغلۇبىيەتكە ئەگىشىپ كەلگەن روھىي مەغلۇبىيەتنىڭ ھەقىقى سەۋەبىنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشتەك ئىسلامىي بۇرچىنى چوقۇم ئادا قىلىشى لازىم.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي مەغلۇبىيىتى ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت ئامىللىرىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. بىراق، كۈچ-قۇۋۋەت ئامىللىرىنى تاشلىۋېتىش بولسا ئاللىقاچان ئۇلارنى قورشىۋالغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن ئېغىپ كېتىشىنى ۋە ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەمەل قىلماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەقىدە جەھەتتىكى بۇزۇلۇشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەمەلنى ئىمان دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكەن، ئىماننى پەقەت قەلب بىلەن تەستىقلاش ۋە تىل بىلەن ئىقرار قىلىش دەپلا چۈشەندۈرگەن ئىرجائىي ئىدىيىسى ئەقىدە جەھەتتىكى ئېغىپ كېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ سەلەف-سالىھىنلارنىڭ يولىغا تۈپتىن قارشى بولۇپ، سەلەف-سالىھىنلار: «ئىمان دېگەن سۆز ۋە ئەمەل، ئەمەل بىلەن بىرلەشمىگەن ئىلىم ھەقىقى ئىلىم ھېساپلانمايدۇ، ئەمەل ئىلىمنىڭ ھەقىقى نەتىجىسى» دەپ قارايتتى.

ئەقىدە جەھەتتىكى بۇ خىل ئېغىپ كېتىش دىنىنى ۋە

دىنىنىڭ يوللىرىنى خاتا تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئېلىپ باردى. ئاندىن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرى سىقىلمايلا اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن قېچىشى كۈنسىرى كۈچەيدي. چۈنكى، ئۇلار كۆڭۈللىرىدە ئۆزلىرىنى «بىز گەرچە اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىۋاتقان بولساقمۇ، بىراق، بىزنىڭ دىلىمىزدا تەستىق، تىلىمىزدا ئىقرار بولىدىكەن، ئۇنداقتا، بىز شەكسىز مۇئمىنمىز» دەپ ئويلايتتى.

مۇرتلارنىڭ ئېڭىدا شەيخنى چوڭايتىپ، ئۇنى اللە بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان سوپىزم ئىدىيىسى ئەقىدە جەھەتتىكى ئېغىپ كېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ سەلەف-سالىھىنلارنىڭ يولىغا تۈپتىن قارشى بولۇپ، سەلەف-سالىھىنلار اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر سۈننىتىدىن: «بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدا ياخشى ئەمەلدىن باشقا ۋاستە يوق، اللە ياخشى ئەمەلدىن ۋە ياخشى ئەمەل قىلغۇچىدىن رازى بولىدۇ، كىشىنى اللەغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئەمەل اللە يولىدا جىھاد قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش، بۇزۇلغان جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش» دېگەننى ئۆگەندى.

ئەقىدە جەھەتتىكى بۇ خىل ئېغىپ كېتىشنىڭ نەتىجىسىدە ھەر تۈرلۈك شىرىك، گۇمان ۋە خوراپاتلارغا چىڭ ئېسىلىش كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا قىيىنچىلىقلارنى جاپا-مۇشەققەتسىزلا ھەل قىلىۋېتىدىغان ئاتالمىش «ئەۋلىيالار»نىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان «كارامەتلەر»گە كۆز تىكىپ اللەنىڭ يەر شارىدا ئورناتقان قانۇنىيىتى بويىچە زېمىندا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان

ئىجابىي خىزمەتلەرنى تاشلىۋېتىش كېلىپ چىقتى.

ئىنسان خاتالاشقان ياكى كەمچىلىك سادىر قىلغان چاغدا «ئىنسانغا يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت اللەنىڭ تەقدىرى، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ» دېگەن باھانە بىلەن ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان؛ ناچار رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقنى اللەنىڭ تەقدىرىگە قارشى چىققانلىق، قازا ۋە قەدەرگە رازى بولمىغانلىق دەپ قاراپ ئىنساننى ھەممە نەرسىگە قارىغۇلارچە تىز پۈكۈشكە، ناچار رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشماسلىققا چاقىرىدىغان؛ سەۋەپلەرنى قوللىنىشنى ئىماندىكى كەمتۈكلۈك، اللەغا تەۋەككۇل قىلمىغانلىق دەپ قاراپ ئىنساننى سەۋەپلەرنى قوللىنىشتىن توسىدىغان قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسىدىكى بۇزۇلغان ئىمان ئەقىدە جەھەتتىكى ئېغىپ كېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ سەلەف-سالىھىنلارنىڭ يولىغا تۈپتىن قارشى بولۇپ، سەلەف-سالىھىنلارنىڭ قازا ۋە قەدەرگە بولغان ئىمانى باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا ئەڭ سۈزۈك ۋە ساپ ئىدى. ئۇلار اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر سۈننىتىدىن: «قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسان خاتالاشقان ياكى كەمچىلىك سادىر قىلغان چاغدا ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يوق قىلىۋەتمەيدۇ، اللە تەرەپتىن كېلىدىغان يېڭى بىر تەقدىرگە كۆز تىكىپ ناچار رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىشتىن توسمايدۇ، اللەغا توغرا رەۋىشتە تەۋەككۇل قىلىش سەۋەپلەرنى قوللىنىشتىن چەكلىمەيدۇ، اللەنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان مۇقەررەرلىك سەۋەپلەرنى قوللىنىش بىلەن زىت كەلمەيدۇ» دېگەننى ئۆگەندى.

الله ئۇھۇد ۋەقەسىدە مۇسۇلمانلارغا يەتكەن مەغلۇبىيەتكە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى سەۋەپچى ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەپلىك مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قازا ۋە قەدەر ئىدى.

{أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَدْ أَصَبْتُمْ مِثْلَيْهَا قُلْتُمْ أَنَّى هَذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَمَا أَصَابَكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ فَبِإِذْنِ اللَّهِ ...}.

«سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: ‹بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟› دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، ‹ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى› . الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئۇھۇد جېڭىدە) سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر①» .

مەغلۇبىيەت يۈز بەرگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈكۈت قىلىپ تۇرمىدى، بەلكى، دەرھال مەيدانىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ھەمدە مۇسۇلمانلار گەرچە يارىلانغان بولسىمۇ، ئۇلارنى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشقا يېتەكلىدى. دۈشمەن اللهنىڭ پەزلى

① سۈرە ئال ئىمران: 164 ـ 165 ـ ئايەتلەر.

بىلەن ئۇرۇش قىلمايلا چېكىنىش يولىنى تاللىدى.

{الَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِلَّهِ وَالرَّسُولِ مِنْ بَعْدِ مَا أَصَابَهُمُ الْقَرْحُ لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا مِنْهُمْ وَاتَّقَوْا أَجْرٌ عَظِيمٌ الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَاناً وَقَالُوا حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ فَانْقَلَبُوا بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ لَمْ يَمْسَسْهُمْ سُوءٌ وَاتَّبَعُوا رِضْوَانَ اللَّهِ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ}.

«(ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. (مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: ‹شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار› دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: ‹بىزگە اللە كۇپايە، اللە نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!› دېدى. ئۇلار اللەنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان ــ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. اللە ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر①».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئۈممىتىگە چۈشكەن تەييارلىق قىلىش ئاندىن اللەغا تەۋەككۇل قىلىش توغرىسىدىكى اللەنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلدى.

{فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ}.

«بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، اللەغا تەۋەككۇل قىلغىن②».

ئۆتكۈر ئىرادە كىشىدىن تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ،

① سۈرە ئال ئىمران: 172 ـ 174 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئال ئىمران: 159 ـ ئايەت.

ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇ رىئاللىقتىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان قۇرۇق ئارزۇ بولۇپ قالىدۇ.

الله تۆۋەندىكى ئايەتتە كاپىرلارنىڭ اللەنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، اللەنىڭ بۇ دىننى كۈچەيتىش تەقدىرىنىڭ يەر شارىدا چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشۇ ئايەتنىڭ ئۆزىدە مۇسۇلمانلارنى تەييارلىق قىلىشقا ۋە سەۋەپلەرنى قوللىنىشقا بۇيرىدى.

{وَلا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَبَقُوا إِنَّهُمْ لا يُعْجِزُونَ وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لا تُظْلَمُونَ}.

«(بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، اللەنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر ، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)①» .

مۇسۇلمانلارنىڭ قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسىدىكى بۇ خىل بۇزۇلۇش ئۇلارنىڭ ھاياتىدا اللەغا ھەقىقى تەۋەككۇل

① سۈرە ئەنفال: 59 ـ 60 ـ ئايەتلەر.

قىلغانىنىڭ ئورنىدا ئۆلۈمتۈكلەرچە يۆلىنىۋېلىشنى، اللە دۈشمەننى قورقۇتۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرىغان كۈچ-قۇۋۋەت سەۋەبلىرىنى قوللىنىشقا سەل قاراشنى، نامراتلىق، كىسەللىك ۋە ئاجىزلىقنىڭ كەڭرى تارقىلىشنى، ناچار رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشقانىنىڭ ئورنىدا ھورۇنلۇق قىلىپ جىم ئولتۇرۇۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى، دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەش بىلەن ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئى باغلىنىشنى خاتا تەسەۋۋۇر قىلىش ئەقىدە جەھەتتىكى ئېغىپ كېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ سەلەف-سالىھىنلارنىڭ يولىغا تۈپتىن قارشى بولۇپ، سەلەف-سالىھىنلار اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر سۈننىتىدىن: «دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى، ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىۋى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈش بولسا ئىنساندىن تەلەپ قىلىنغان ئىبادەتنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى، ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىش زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش بىلەن زىت كەلمەيدۇ» دېگەننى چۈشەندى.

{هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ}.

**«اللە سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر①»**

{وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ}.

---

① سۈرە مۇلك: 15- ئايەت.

«اللە ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، اللە ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللەنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، اللە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ①» .

داۋاملىق كۈن ئارىلىماي روزا تۇتۇدىغان، كېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدىغان، ھەتتا، خوتۇنلىرى بىلەنمۇ يېقىنلاشمايدىغان، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بىز ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدىغان كىشىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىشتىن توستى ھەمدە: «مەن ئاراڭلاردىكى اللەدىن ئەڭ بەك قورقىدىغان بەندىمەن، بىراق، مەنمۇ روزا تۇتىمەن ھەم تاماق يەيمەن، كېچە ئىبادەت قىلىمەن ھەم ئۇخلايمەن، ئاياللىرىم بىلەنمۇ بىرگە بولىمەن، كىمكى مېنىڭ بۇ يولۇمدىن چەتنىسە ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ھېساپلانمايدۇ②» دېدى.

«لا إله إلا الله»نىڭ تەلەپلىرىنى خاتا تەسەۋۋۇر قىلىش تىبابەت، ئاسترونومىيە، خىمىيە، فىزىكا، ئالگېبرا، جۇغراپىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەر شارىغا، دۇنياۋىي ھاياتقا ئالاقىدار پەنلەرگە سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ھەر قايسى ساھەلەردە ئارقىدا قالدى.

يۇقارقىلاردىن مەلۇمكى، مۇسۇلمانلارنىڭ غەرب ئالدىدىكى ھەربىي مەغلۇبىيىتىگە سەۋەپ بولغان ئىلمىي، ماددىي ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى قالاقلىق ئۇلارنىڭ ھاياتىدا

---

① سۈرە قەسەس: 77- ئايەت.

② ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

كۆنسرى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئېشىپ بېرىۋاتقان ئەقىدە جەھەتتىكى قالاقلىقتىن ئىبارەت بىر بوشلۇقنى پەيدا قىلدى. ئەقىدە جەھەتتىكى بۇ خىل بوشلۇق توغرا ئەقىدىنى قاپلىۋالغان بىر «دۆۋە» ھاسىل قىلدى. نەتىجىدە توغرا ئەقىدە دۆۋىلەر ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالدى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا ئۆزىنىڭ جانلىق ئېنېرگىيىسىنى تەقدىم قىلالمىدى.

بىراق، مۇسۇلمان تارىخچى مەسىلىنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ توختىتىپ قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردە يۇقۇرقىدىنمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان، ئۆزىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئاشكارا سەۋەپلەرگىلا باغلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقى سەۋەپلەرنىڭ قېتىغا چوڭقۇرلاپ كىرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تولىمۇ غۇۋا بولغان يەنە بىر مەسىلە مەۋجۇت.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئالدى بىلەن ھەربىي مەغلۇبىيەت، ئاندىن شۇنىڭغا ئەگىشىپ روھى مەغلۇبىيەت يۈز بەردى. بىراق، روھىي مەغلۇبىيەتنىڭ يۈز بېرىشى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن تارىختىكى تۇنجى قېتىملىق ئەھۋال بولۇپ، بىز «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق كىتاۋىمىزدا: «يالغۇز ھەربىي مەغلۇبىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا مۇسۇلمانلار ئارمىيىسى غەرب ئالدىدا مەغلۇب بولغان چاغدا ئاخىرقى قېتىم پەيدا قىلغان بۇنچە زور تەسىرنى پەيدا قىلالمايتتى» دېگەن ئىدۇق.

شۇنداق، مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى مەغلۇب قىلىۋەتكەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىلىم، پەن-تېخنىكا، ماددىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە زور بىر پەرقنى ھېس قىلدى. بۇ خىل ھېس قىلىش ئۇلارنىڭ

روھىي مەغلۇبىيەتكە ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى.

بىراق، شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، مۇسۇلمانلار دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلارنىڭ ھاياتىدا پەيدا بولغان روھىي ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى بوشلۇق بولمىغان بولسا يالغۇز ھەربىي مەغلۇبىيەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنچە چوڭ ماددىي ئامىللار پەرقىنى ھېس قىلغانلىقى مۇسۇلمانلار ھاياتىدا پەيدا بولغان بۇ زور بۇرۇلۇشنى پەيدا قىلالمىغان بولاتتى.

تارىختا كۆپ قېتىم مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ھەربىي مەغلۇبىيەت يۈز بەرگەن. ئەمما، ھەربىي مەغلۇبىيەت ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر، ئىدىيە، ئەقىدە ۋە ھەرىكەت يوللىرىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىغان.

ئۇھۇد كۈنىسى تۇنجى مەغلۇبىيەت يۈز بەردى. ئەمما، الله:

{وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ}

«(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر①»

دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئۇلار ئەمەلىيەتچىل مۇئمىنلەر ئىدى. بۇ دەرسنى ئاڭلىق تۈردە قوبۇل قىلدى. مەغلۇبىيەتتىن ئېسنى يوقىتىپ قويمىدى. گەرچە دۈشمەن ئالدىدا ۋاقىتلىق مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمانى بىلەن ھامان دۈشمەندىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلدى. شۇڭا ئۇلار بىر قېتىم مۇڭغۇللار

① سۈرە ئال ئىمران: 139- ئايەت.

بىلەن، يەنە بىر قېتىم خرىستىئانلار بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كېيىنكى ئىككى قېتىملىق خەتەرلىك چوڭ ئۇرۇشتا قىلچە بوشىشىپ قالمىدى.

مۇڭغۇللار① باغدادنى ئىشغال قىلدى، ئاباباسىيە خەلىپىلىكىنى بويسۇندۇردى. مۇسۇلمانلارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خار قىلدى. مەسىلەن: بىر موڭغۇل ئۆيىدىن چىقىپ يولدا مۇسۇلمان بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى. بىراق، ئۇنىڭدا قىلىچ بولمىغاچقا، مۇسۇلمانغا: «سەن مۇشۇ يەردە جىم تۇرۇپتۇر، مەن بېرىپ قىلىچىمنى ئەكىلىپ سېنى ئۆلتۈرىمەن» دېسە، مۇسۇلمان شۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇراتتى. ئاندىن موڭغۇل كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. قېنى ئېيتىڭچۇ؟ مۇسۇلمان ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر خارلىق بولامدۇ؟

بىراق، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ روھىي خار بولمىدى. ئۇلار موڭغۇللارغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىمىدى. موڭغۇللارنىڭ ئۇلارنى بېسىۋالغانلىقى سەۋەپلىك ئۇلار موڭغۇللارنى ئۆزلىرىدىن ياخشى دەپ قارىمىدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا موڭغۇللار قوپال، ياۋايى، ۋەھشىي تاجاۋۇزچىلار ئىدى. مۇھىمى موڭغۇللار اللەنى تونۇمايدىغان، ھەق دىنغا ئەگەشمەيدىغان پۇتپەرەسلەر ئىدى.

① بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى ئەرەبچىسىدە باشتىن-ئاخىرى موڭغۇل سۆزى «تاتار» (التتار) ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق، ئەمەلىيەتتىكىسى تاتارلانى ئەمەس، بەلكى، موڭغۇللارنى ياكى تاتارلار بىلەن موڭغۇللارنى تەڭ كۆرسىتىدىغان بولغاچقا «تاتار» (التتار) ئاتالغۇسى باشتىن-ئاخىرى ئۇيغۇرچىغا «موڭغۇل» دەپ تەرجىمە قىلىندى. چۈنكى، «دۇنيا ئەرەب-ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە تاتارلا ھەققىدە: «13- ئەسىردە تاتارلا موڭغۇللار بىلەن ۋە بەدەۋىي خوشنا قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ شەرقى ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ياۋروپالىقلار بۇ بەدەۋىي تاجاۋۇزچىلارنى سۈپەتلەش ئۈچۈن تاتار ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ خاتالاشتى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «ئىسلام تارىخى» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسەردە: «ھىجرىيە 658- يىلى (مىلادىيە 1260- يىلى) تاتارلار ھىلاكونىڭ ئوغلى يەشمۇتنىڭ قۇماندانلىقىدا ئالدى بىلەن ھەلەب شەھىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مىيافارىقىننى بېسىۋالدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى ئۆز ئېلىنى قوغداش يولىدا شۇ قەدەر باتۇرلۇق كۆرسەتتىكى، موڭغۇللار بۇنداق باتۇرلۇقنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى» دېيىلگەن بولۇپ، موڭغۇللارغا جۈملىنىڭ بېشىدا تاتار (التتار)، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا موڭغۇل (المغول) ئىبارىسى ئارىلاش ئىشلىتىلگەن. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

مۇسۇلمانلار باشتىلا خرىستىئانلار ئالدىدا مەغلۇب بولدى. خرىستىئانلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خرىستىئان دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، مۇسۇلمانلارنى ئەزدى ۋە خار قىلدى.

بىراق، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ روھىي خار بولمىدى. ئۇلار خرىستىئانلارغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىمىدى. خرىستىئانلارنىڭ ئۇلارنى بېسىۋالغانلىقى سەۋەپلىك ئۇلار خرىستىئانلارنى ئۆزلىرىدىن ياخشى دەپ قارىمىدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا خرىستىئانلار كرېستقا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇلارنى: «ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈككە پاتقان، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلىمايدىغان يۈز-ئابرۇيى يوق دەيۈزلەر» دەيتتى. شۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمانلار ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى.

مۇسۇلمانلار توغرا ئەقىدە بىلەن اللە تەرەپكە يۈزلىنىپ، سەۋەپلەرنى قوللانغان؛ قوتازنىڭ① تىلىدا «ۋائىسلاما» ئاۋازى ياڭراپ، موڭغۇللارغا قارشى ھەقىقىي جىھادنى باشلىغان چاغدا مۇسۇلمانلارغا اللەنىڭ ياردىمى كەلدى. تارىخ سەھىپىسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. يالغۇز مۇسۇلمانلارلا غەلىبە قىلىپ قالماستىن، بەلكى، موڭغۇللارمۇ مۇسۇلمانلار ئالدىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ئىسلامغا كىرىشكە باشلىدى.

سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىنى

---

① ئەسلى ئىسمى سەيفۇددىن قوتاز بولۇپ، ھىجرىيە 658- يىلى (مىلادىيە 1260- يىلى) چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى ھىلاكوخاننىڭ قوماندانلىقىدىكى موڭغۇللار دىمەشىققە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چاغدا «ۋائىسلاما» (ئىسلامغا ئۇۋال بولدى) دېگەن ياڭراق ئاۋازى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئېلىنى تاجاۋۇزچىلاردىن قوغدىغان باتۇر قوماندان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

تۈزىتىشكە ۋە سەۋەپلەرنى قولىنىشقا بولغان يۈزلىنىشى ھەل قىلغۇچ غەلىبىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. يەنى بۇ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا سالاھىددىن خىرىستىئانلارنىڭ قولىدىن بەيتۇل مۇقەددەسنى قايتۇرۇۋالدى. ئەھلى-سەلىب تاجاۋۇزچىلىرىنى ئىسلامنىڭ شەرقىدىن بىر نەچچە ئەسىر چېكىندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار يەرلىك دائىرىدىن ھالقىپ، (دۇنياۋىي باسقۇچقا كىردى). چۈنكى، ياۋروپا مۇسۇلمانلار ئالدىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئېلىنغان گۈللىنىشنى باشلىۋەتتى.

ئەگەر بىز تارىختىكى مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقىگە قارايدىغان بولساق، مۇسۇلمانلار پارىس ۋە رىملىقلار بىلەن توقۇنۇشقان ۋاقىتتا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەقىقەتەن زور ئىدى. يەنى مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت ئامىللىرى جەھەتتە پۈتۈنلەي قۇرۇق قول ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق ئىدى.

ئىراق، ئاشۇ زور پەرق ئۇلارنى ئۆز يولىدا مېڭىشتىن بىر دەقىقىمۇ توختىتىپ قويمىدى ياكى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا بۇ ئىككى چوڭ دۈشمەنىنىڭ قىلچىلىك ئورنى بولمىدى.

سىز رەببىڭ ئىبنى ئامىرغا قاراڭ! ئۇ رۇستەمنىڭ شانۇ-شەۋكەت ئىچىدە ئولتۇرغان ھەيۋەتلىك ۋە ياسىداق ئوردىسىغا ئىمانى ئۇستۈنلۈك بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ھەتتا ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ۋە تۆۋەن كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېسىل گىلەملىرىگە نەيزىسىنى سانچىپ، پاكار ئىشىكىنى ئۇنىڭغا باغلايدۇ.

- سىلەر بىزنىڭ ئېلىمىزگە نېمە دەپ كەلدىڭلار؟- دەپ سورايدۇ رۇستەم ئۇنىڭدىن.

- اللە بىزنى ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن اللەغا قۇل بولۇشقا يېتەكلەشكە، دۇنيانىڭ تارلىقىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كەڭرىلىكىگە چىقىرىشقا ئەۋەتتى- دەپ جاۋاپ بېرىدۇ رەبئى ئىبنى ئامىر تەمكىنلىك بىلەن.

ئالدامچى ماددىي مەدەنىيەت ۋە زېمىننىڭ مەنپەئەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە قارشى ئىمان بىلەن ئىپتىخارلىنىشتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان روھ ۋە ئىززەت بولامدۇ؟!

ئىراق، مۇسۇلمانلارنىڭ مەيدانى ئاخىرقى ئەھلى-سەلىب ھۇجۇمىدا ئۆتمۈشتىكىدەك بولمىدى. يەنى توغرا ئەقىدە بىلەن ۋە ئىمان بىلەن ئىپتىخارلىنىش مەيدانى بولمىدى. بەلكى، روھىي خارلىق ۋە يىمىرىلىش بولدى.

ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا «ھەيران قىلىش» بولدى.

مۇسۇلمانلار تارىخنىڭ تۇنجى مەزگىلىدە ئىلىم، «تاكتىكا» ۋە ئۇرۇش قوراللىرى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى، ئىدىيە، تۈزۈم، ئەقىدە ۋە ھەرىكەت يوللىرى جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىنى دۈشمەنلەردىن تامامەن ئۈستۈن تۇرىمىز دەپ قارايتتى.

شۇڭا ھەقىقى سەۋەپ ھەربىي مەغلۇبىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقتە بولماستىن، بەلكى، ھەقىقى ئىززەت ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مەنبەئى بولغان ئىماننىڭ بۇزۇلغانلىقىدا ئىدى.

{وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ}

«ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر ①».

ھەقىقى سەۋەپ بىر قانچە ئەسىردىن بىرى ئۈممەتنىڭ ئەقىدە تەرەپتىن قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىدا ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي مەغلۇبىيەت ھەيران قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ھەيرانلىق باشلانغان چاغدا ئۇممەت باياۋانغا كىرىپ كەتتى.

① سۈرە ئال ئىمران: 139 - ئايەت.

## باياۋاننىڭ ھەجمى

باياۋاننىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ ئىدى.

ئۇممەتنىڭ ھاياتىدا باياۋاننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھېچبىر تەرەپ تېپىلمىغىلى تاس قالدى... گويا ئۇممەت يېرىم ئەسىر ئىچىدىلا ئۆزگىرىپ ئىلگىرىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر «ئۇممەت»كە ئايلىنىپ قالدى. ئۇممەت ھەر قايسى تەرەپتە .... تەسەۋۋۇردا، ئىدىيىدە، ھېس-تۇيغۇدا، ھەرىكەت يوللىرىدا... سىياسەتتە، ئىقتىسادتا، ئىجتىمائىيەتتە، ئەخلاقتا، پىكىردە، ئەدەبىياتتا، سەنئەتتە ۋە باشقا ھەممە نەرسىدە ئۆزگىرىپ كەتتى.

ئېنىقكى، ئۇممەت ئۆزگىرىشنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇممەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھالىتى بىلەن كېيىنكى قىسقىغىنە مەزگىلدىكى ئۆزگەرگەن ھالىتى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق مەۋجۇت ئىدى. لىكىن ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى شۇكى، ئۇممەت - باياۋاندا - ئۆزىنى (ناچار ھالەتتىن) ياخشى ھالەتكە ئۆزگىرىۋاتىمىز دەپ ئويلايتتى. ئۇممەت دىنىدىن، ئەنئەنىسىدىن، مىراسلىرىدىن ۋە توغرا تەسەۋۋۇرىدىن چېكىنىۋاتقان تۇرۇپمۇ، ئۆزىنى مانا ئەمدى توغرا يولدا مەزمۇت قەدەم تاشلىدۇق دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى.

بۇ يەردە مۇسۇلمان تارىخچى ئۆزى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ۋە كىشىلەرگە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر

نۇقتا بار:

ئۇممەت بۇ خىل ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىمۇ ئاللىقاچان توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەن ئىدى. گەرچە ئۆزىنى بىز توغرا يولدا مېڭىۋاتىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ «يول»دىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇممەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىمۇ ئوخشاشلا توغرا يول تەرەپكە بولمىدى. بەلكى، توغرا يولدىن تېخىمۇ بەكرەك چەتنەپ كېتىش بولدى.

ئۇممەتنىڭ بۇ قېتىمقى ئەھۋالى ئىلگىرىكى ئەھۋالىدىن نەچچە ھەسسە خەتەرلىك بولدى. چۈنكى، ئىلگىرى - گەرچە ئۇممەت توغرا يولدىن ئېغىپ كەتكەن بولسىمۇ - پەقەتلا ئەسلىدىكى رېئاللىق ساختىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ساختىلىق ئېچىپ تاشلانسىلا، ئۇممەتنىڭ ئەسلىدىكى توغرا رېئاللىققا قايتىپ كېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇممەت زىددىيەتلىك يۈزلىنىش ئىچىگە كىرىپ قالدى. «.... ئەمدى سەن مەڭگۈ ئارقاڭغا قايتما! ئەسلىدىكى يولۇڭنى ئويلىما! پۈتكۈل كېسەللىكنىڭ مەنبىئى دەل ئاشۇ، قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش» دېگەن شەيتانى ۋەسۋەسە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇراتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ باياۋانغا كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى رېئاللىقىنىمۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى دېگىلى بولمايتتى.

چۈنكى، يۈزلىنىۋېلىش، سەلبىيلىك، نادانلىق، خوراپات، ئاجىزلىق، زەئىپلىك، هورۇنلۇق ۋە سەۋەپلەرنى قوللانماسلىق .... ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى.

ئاياللارنى كەمسىتىش، ئۇلارنى نادانلىق ۋە خوراپات زۇلمەتلىرى ئىچىگە قاماپ قويۇش، ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى رولى

پەقەت هامىلــدار بولــۇش، بــالا تۇغــۇش ۋە ئېمــىتىش دەپ قاراش.... ئوخشاشلا ئىسلامنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى.

مۇســۇلمان ھۆكۈمــدارلارنىڭ مۇســتەبىتلىك بىــلەن ھوقــۇق يۈرگۈزۈشـــى، پــۇقرالارنى دۆلەت ئىــشلىرىغا ئارىلىشىــشتىن، ھەتتــا، «ياخــشىلىقا بــۇيرۇپ، يامــانلىقتىن توســۇش»تىــن چەكلىشى .... ئوخشاشلا ئىسلامنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى.

فەقىھلەرنىڭ كىشىلەر ھاياتىــدىكى يېڭىلىنىــپ تۇرۇۋاتقــان ئىـــشلارغا نەزەر سالماســـلىقى، (قايـــسى دەۋردە ئـــۇممەتكە نېمىنىــڭ زۆرۈر بولۇۋاتقــانلىقىنى، ئۇممەتنىــڭ قايــسى يولــدا مېڭىــشى لازىملىقىنــى ئۇلارغــا بىلدۈرۈمەســلىكى)، ئۇنىڭــدىن باشقا، «بــارلىق مەســىلىلەرنى تــۆت ئىمــام ئىجتىھــاد قىلىــپ بولغــان، قايتــا ئىجتىھــاد قىلىــش ھــارام، ئــۇ زىيــانلىق، خەتەرلىـــك، قورقۇنچلـــۇق بىـــدئەت» دەپ قارىـــشى.... ئوخشاشلا ئىسلامنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى.

جەمئىيەتـــتە كىـــشىلەرنىڭ تۇرمۇشـــىغا چوڭقـــۇر ســـىڭىپ كەتكەن ئۇنىلغان ئىشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامغا نىــسبەتەن پۈتــۈنلەي يــات ئىــشلار ئىــدى. بەلكــى، ئۇلارنىــڭ ھەممىــسى «لا إلــه إلا الله»نىــڭ تەلەپلىرىــدىن ئېغىــپ كېــتىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىشلار ئىدى.

شــۇڭا ئۇممەتنىــڭ ئەڭ ياخــشى ھەل قىلىــش چارىــسى بــۇ دىنىنـــى چـــۈرۈۋېتىش ئەمەس، بەلكـــى، دىنىغـــا قـــايتىش ۋە كىــشىلەر ھاياتىـــدىكى دىنىغــا يــات ئىـــشلارنى چـــۈرۈۋېتىش بولۇشى كېرەك.

ئۇممەت ھازىرقى ئەھۋالدا رەببــانى (اللەنــى سۆيىــدىغان)، يېڭىلىــق روھىغــا ئىــگە ئالىمغــا تولىمــۇ مۇھتــاج! بــۇ ئــالىم ئـــۇممەتكە ئۇنىـــڭ دىنـــى ئىـــشلىرىنى يـــېڭىلاپ بېرىـــدۇ،

ئۇممەتنىڭ پاراسىتىنى قاپلىۋالغان چاڭ-تۇزانلارنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ئۇممەتنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

ئۇممەتنىڭ هاياتىدا قوللىنىلغان ئۇسۇل بىلەن ئۇممەت مۇهتاج بولۇۋاتقان هەل قىلىش چارىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر-بىرىدىن نېمە دېگەن يىراق-هە!.

ئۇممەتنى ماراپ ياتقان دۈشمەن «ئويغىنىش»نىڭ هامان يۈز بېرىدىغانلىقىنى هەر ۋاقىت هېس قىلىپ تۇراتتى.... چۈنكى، شەيخ مۇهەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەهابنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى هەرىكىتى ئۇممەتنىڭ هامان ئويغىنىدىغانلىقىنىڭ، دىنىنىڭ ماهىيىتىدىن يىراقلاپ كەتكەن بۇ ناچار رېئاللىقنى هامان ئۆزگەرتىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن بېرىلگەن كۈچلۈك سىگنالى ئىدى.... ئەگەر مۇسۇلمانلار ئويغىنىپ كەتسە ئەهلى-سەلىب هۇجۇمى يەنە قانداق تالاپەتلەرگە دۇچار بولار؟! سالاهىددىن ئۇممىتىگە ئوخشاش ئىمانى يېڭىلانغان بۇ ئۇممەت يېڭى خرىستىئانلارغا قانداق شىجائەت ۋە باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرار؟!

بۇ نۇقتا دۈشمەنگە ئايدىڭ بولغاچقا، ئۇ ۋەهھابىيە هەرىكىتىنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. مۇهەممەد ئەلى① ۋە ئۇنىڭ باللىرىنى بۇ هەرىكەتنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇشقا كۈشكۈرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇممەتنى نىجاتلىق يولىدىن بەكرەك يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى باياۋانغا ئىتتىرىشكە ئالدىرىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامي رېئاللىق دەپ قارىغان ناچار رېئاللىقى يېڭى ئېغىپ كېتىشنىڭ يېقىلغۇسى بولدى.

① مۇهەممەد ئەلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ مىسىردىكى ۋالىيسى بولۇپ، ئۇ ناپولېئون بوناپارت بىلەن بىرلىشىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسگە قارشى تۇرغان هەمدە مىسىرنى ئىمپېرىيىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئايرىپ چىقىشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان ياۋۇز، ساتقىن ۋالىي. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

چۈنكى، دۈشمەن: «سىلەرنىڭ بۇ دىنىڭلار سىلەرنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدى. ئۇ سىلەرنى ھازىرقى خار ۋە بىچارە ھالىتىڭلارغا چۈشۈرۈپ قويدى. سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئىككى يول بار: بىرى، ھەمىشە دىنغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپ، مەڭگۈ ھازىرقىدەك قالاق ۋە ئاجىز ھالەتتە ياشاش؛ يەنە بىرى، دىننى چۆرۈپ تاشلاپ، ياۋروپا ماڭغان يولغا مېڭىش. ياۋروپا ئىككى ئەسىر ئىلگىرىلا دىننى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىككى ئەسىرلىك تەرەققىيات بىلەن ئالدىڭلارغا ئۆتۈپ كەتتى» دەپ كىشىلەرنى ئالداۋاتتى.

ئوسمانىيە دۆلىتىدىكى بىر قىسىم ناچار ھۆكۈمدارلارنىڭ قىلمىشمۇ ئوخشاشلا يېڭى ئېغىپ كېتىشنىڭ يېقىلغۇسى بولدى.

ئەمما، ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ بارلىق ھۆكۈمدارلىرى كىشىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئەسكى ئەمەس ئىدى. پەقەت دۈشمەن كىشىلەرنى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىدىن نەپرەتلەندۈرۈش، ئۇلارنى توغرا يولدىن تېيىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئاشۇ ھۆكۈمدارلانى خەلققە قەستەن سەت كۆرسىتىۋاتاتتى.

ئوسمانىيلارنىڭ تۆت ئەسىر خىرىستىئانلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەنلىكى اللەنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئاخىرقى مەزگىللىرىگە قەدەر پەلەستىننى جان تىكىپ قوغدىدى. دۇنيا خىرىستىئانلىرى بارلىق كۈچى ۋە ئىقتىدارى بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلەۋاتقان يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە قاراتقان ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن

باتۇرلاچە جىھاد قىلدى.

بىراق، ئوسمانىيلارنىڭمۇ خاتالىقلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئىچىدە خەلققە زۇلۇم سالىدىغان زالىم ئەمەلدارلارنى يوق دېگىلى بولمايتتى.

شۇڭا دۈشمەن كىشلەرنى قايمۇقتۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: «دىنى ھاكىمىيەت دېگەن ئۆز تەبىئىتىدىن مۇشۇنداق مۇستەبىت بولىدۇ. مۇستەبىتلىك قىلمىسا ھوقۇق يۈرگۈزەلمەيدۇ. ياۋروپاغا قاراپ بېقىڭلار! بىر چاغلاردا ياۋروپادىكى دىنى ھۆكۈمرانلىق قانداق ئىدى؟... ئۇلارمۇ زالىم، مۇستەبىت، ئەزگۈچى ئىدى، خەلقنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلاتتى. ئاخىرى ياۋروپا دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، دىنىنى پەقەت ئىبادەت ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى تۇرمۇش ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغاندىلا ئاندىن زۇلۇمدىن قۇتۇلدى.

سىلەرچۇ؟....

سىلەرنىڭمۇ ياۋروپا قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن باشقا يولۇڭلار يوق.... سىلەرمۇ دىنىنى ـ كۆپ بولغاندا ـ ئىبادەت ئىشلىرىغىلا مەركەزلەشتۈرۈڭلار! ئۇنى ھەر قايسى ساھەلەردىن، بولۇپمۇ سىياسىي ساھەدىن يىراقلاشتۇرۇڭلار! سىلەرگە قىلچە زىيان يوق. سىلەر ئوخشاشلا ‹مۇسۇلمانلىق› ھالىتىڭلاردا تۇرۇۋېرىسىلەر. بىراق، تەرەققى قىلىسىلەر، ھۆر ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇسىلەر!».

باياۋاندا ئۇممەت ـ اللە رەھىم قىلغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا ـ بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىك ساختا ۋە يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلمىدى.

چۈنكى، ياۋروپا تەرەققى قىلىش ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن چۆرۈۋەتكەن دىن الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان دىن بولماستىن، بەلكى، بۇزۇق ئىنساني توقۇلما ئىدى. ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى، خاھىشلىرى ۋە ئوي-خىياللىرى ئۇنى بۇزۇۋەتكەن ئىدى. ياۋروپالىقلارنىڭ ئاشۇ بۇزۇلغان دىنغا ئەگىششى، ئۇنىڭدىكى بۇزۇلغان تەرەپلەرنى بايقىيالماسلىقى، ئېپىسكوپلارنىڭ گەپلىرىنى مۇقەددەس بۇيرۇق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى، ھەتتا ئېپىسكوپلارنى پەرۋەردىگار - ئىسا ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى- ئۇنىڭغا ھالال ۋە ھارام قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ھەۋارىيۇن پېتىرنىڭ ئىزباسارلىرى دەپ قارىشى ياۋروپالىقلارنىڭ ھاياتىدىكى ئېغىر خاتالىق ئىدى.

{اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَاباً مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهاً وَاحِداً لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ}

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى ، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر①» .

بىراق، مۇسۇلمانلار ئەگىشۋاتقان دىن - گەرچە مۇسۇلمانلار دىننى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشتا ئېغىپ كەتكەن بولسىمۇ،- الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ھەق دىندۇر. بۇ دىننىڭ ئاساسى بولغان قۇرئان ۋە ھەدىس اللەنىڭ

① سۈرە تەۋبە: 31- ئايەت.

قوغدىشى بىلەن ئەسىرلەردىن بىرى قوغدىلىپ كەلمەكتە.

{إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ}

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز①».

مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىقى بولسا بىدئەت ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆمۈش ياكى اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ياكى ئىرجائىي ۋە سوپىزىم ئىدىيىسىگە ئوخشاش يات ئىدىيىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش سەۋەپلىك بۇ دىننى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشتا توغرا يولىلىشتىن ئېغىپ كېتىش بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى مىللەتنىڭ ناچار ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇلى بىر-بىرىدىن تامامەن پەرقلىق بولىشى كېرەك:

ياۋروپالىقلار ئاشۇ بۇزۇلغان دىننى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا اللەنىڭ دىننى ئالماشتۇرۇشى كېرەك.

مۇسۇلمانلار دىننى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش جەريانىدا ئېغىپ كەتكەن تەرەپلىرىنى تۈزىتىپ، اللەنىڭ دىننى قايتىدىن چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

ئەمما، ھازىرقى ئەمەلىيەت قويۇلغان تەلەپتىن نەقەدەر يىراق-ھە!.

ياۋروپالىقلار ئۆزىگە كېرەكلىك «دورا»نىڭ يېرىمى ئالدى ۋە قالغان يېرىمنى ئېلىشنى رەت قىلدى. يەنى بۇزۇلغان دىندىن چىقتى، ئەمما، ھەق دىنغا كىرمىدى. مانا بۇنىڭدىن

---

① سۈرە ھىجر: 9- ئايەت.

بۈگۈن غەربلىكلەر ۋە غەربنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بىسمى ئاستىدا مەغلۇب بولغان ئىنسانىيەت غەربلىكلەر بىلەن بىللە ئۇنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان ماتېرىيالىستىك روھنىڭ ئۈستۈنلۈكى ياكى ئىنساندىكى روھىي تەرەپنىڭ ماددىنىڭ بىسمى ئاستىدا ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا قىممەت قاراش، پرىنسىپ ۋە ئەخلاقنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنمايدىغان ئىلمىي، ماددىي ۋە تېخنولوگىيە جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ بىسمى ئاستىدا يەنچىلىشىدىن ئىبارەت كرىزىس پەيدا بولدى.

ئىسلام ئۇممىتى باياۋاندا «دورا»نىڭ نە يىرىمىنى، نە تۆتتىن بىرىنى، نە سەككىزدىن بىرىنىمۇ ئالمىدى. بەلكى، غەرب تەقدىم قىلغان زەھەرنى ئالدى. ئاندىن ئۇنى قۇتۇلۇشنىڭ يولى دەپ ئويلاپ، زەھەرنى خۇشاللىق بىلەن سۈمۈردى.

ئىسلام ئۇممىتى دىنىنىڭ ھەقىقىتىگە قايتقاننىڭ ئورنىدا ئۆز دىنىنى چۈرۈۋەتتى ياكى چۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا غەرب ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە ماددىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە قوللانغان ئۇسۇللارنىمۇ قوللانمىدى. ئىلمنىڭ پەقەت «پوستى»نىلا ئۆگەندى. ھورۇنلۇق قىلىپ تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىدى. ئىلمنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىق، چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىقنى ھاياتىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىغا ئايلاندۇرالمىدى. ھاياتتا تىرىشچانلىقنى نەتىجىگە ئىگە قىلىدىغان، تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇنى پارچىلىنىشتىن ۋە چېچىلىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان يۈكسەك ئىنتىزامنى قوبۇل قىلمىدى.

مۇسۇلمانلار غەربتىن يۇقىرىقى ئىجابى ئامىللارنى قوبۇل قىلغانىنىڭ ئورنىدا ئەكسىچە غەربتىكى بۇزۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلدى. مۇسۇلمانلاردا بۇزۇقچىلىق قاتمۇ-قات دۆۋىلىشىپ كەتتى. بۇ خىل قوبۇل قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىلمىي ۋە ماددىي جەھەتتە ئارقىدا قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەقىدە جەھەتتىكى قالاقلىق مەزگىلىدىن قېلىپ قالغان كېسەللىرىنى داۋالىيالمايلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، ئويۇنخۇمارلىق ۋە جىنايەتلەر بىلەن كۆرەشلەشتەك ئىسلام مۇھىتىغا پۈتۈنلەي يات بولغان يېڭى كېسەللەرنى سۆرەپ كىردى.

شۇنداقلا، ئۇممەت - باياۋاندا - ئوسمانىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلۇملىرىغا قارىتا قوللىنىشقا تېگىشلىك ھەل قىلىش چارىسى بىلەن غەرب تەقدىم قىلغان ھەل قىلىش چارىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بايقىيالمىدى.

ئوسمانىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خاتالىقى ئۇلارنىڭ سىياسى جەھەتتىكى مۇستەبىتلىكى ئىدى... ئۇممەت قوللىنىشقا تېگىشلىك ھەل قىلىش چارىسى بولسا توغرا ئىسلامىي روھ بىلەن تەربىيە ئېلىپ بېرىش بولۇشى كېرەك ئىدى. يەنى ھاكىم الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان ئىشلاردا ئۇممەتمۇ ھاكىمنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شەرىئەتنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ھاكىمنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. ھاكىم شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلسا، ئۇممەت دەرھال ئۇنىڭغا ھەقنى ئەسلىتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تۆۋەندىكى ۋەقەدە نامايەن بولىدۇ:

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە

سـۆزلىمەكچى بولـۇپ: «ئـى ئىنـسانلار سـۆزۈمگە قـۇلاق سېلىڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەندە، سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- بۈگۈن سۆزۈڭنى ئاڭلىمايمىز، ساڭا ئىتائەت قىلمايمىز- دەيدۇ.

- نېمىشقا؟- دەيدۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا.

- سـەن كىيىۋالغـان بـۇ تونىنـىڭ سـاڭا قەيەردىـن كەلگەنلىكىنى سەن بىزگە چۈشەندۈرۈشۈڭ كېرەك. چۈنكى، سەن ئىگىز ئادەم. بىر پارچە رەختتە باشقا مۇسۇلمانلارغا تون چىققان بىلەن ساڭا تون چىقمايدۇ- دەيدۇ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىگە تېگىشلىك رەخت بىلەن دادىسىغا تېگىشلىك رەختنى بىرلەشتۈرۈپ دادىسىغا بىر تون تىككەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن چاغدا، ئاندىن سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ھە! ئەمدى ئايدىڭ بولدى، قېنى سۆزلە، سۆزۈڭنى ئاڭلايمىز، ساڭا ئىتائەت قىلىمىز» دەيدۇ.

مانا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇممەت ھاكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىش، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇنى ھەققە مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت الله ئاتا قىلغان ھوقۇقنى جارى قىلدۇرۇشتا خاتالىق سادىر قىلدى.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «لا والذي نفسي بيده حتى تأطروهم على الحق أطرا» (مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان الله بىلەن

قەسەمكى، سىلەر ھۆكۈمدارلارنى ھەقكە مەجبۇرلىغايسىلەر!) دېگەن①.

بۇ خىل خاتالىق ئۇممەت ھاياتىدا ئۇمەۋىيىلەر دەۋرىدىلا باشلانغان كونا خاتالىق ئىدى. شۇڭا ئوسمانىيلارنىڭ مۇستەبىتلىكى ئېغىپ كېتىشىنىڭ باشلىنىشى بولماستىن، بەلكى، ئېغىپ كېتىش تارىخىنىڭ داۋاملىشىشى ياكى تەكرارلىنىشى بولدى. گەرچە ئۇممەت ئۇمەۋىيىلەر دەۋرىدىن باشلاپلا ھۆكۈمەت خىزمىتىنى نازارەت قىلىش رولىنى ياخشى ئۆتىمەي خاتالىق سادىر قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق، مەجبۇرىيەت دېگەن هامان مەجبۇرىيەت. دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مەجبۇرىيەت ئۆزلىكىدىن ساقىت بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇممەتنىڭ ئىسلاھ قىلىش مەجبۇرىيىتى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. دۇنيا تارىختىكى كۆپلىگەن ئىسلام ئۆلىمالىرىغا ئوخشاش ئۇممەتنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا ھاياتىنى قۇربان قىلسىمۇ، بىراق، ئۇممەتنى ئەسلىدىكى توغرا يولىغا قايتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان رەببانى، يېڭىلىقپەرۋەر، مۇجاھىد ئالىمغا مۇھتاج.

لېكىن، ئۇممەت - باياۋاندا - قوللانغان ئۇسۇل بۇ خىل پرىنسىپقا پۈتۈنلەي خىلاپ ئىدى.

ئۇممەت قوللانغان ئۇسۇل ئىسلام شەرىئىتىنى يىراقلاشتۇرۇش، يېڭى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئوخشاش «يېڭى دۆلەت» قۇرۇش ئۈچۈن غەربتىن «ئاساسى قانۇن» كىرگۈزۈش بولدى.

بۇ ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر-بىرىدىن نەقەدەر يىراق-ھە!.

---

① بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئۇممەت ـ باياۋانـدا ـ مەسـىلىنىڭ ھەقىقـى مۇساپىـسىنى بايقىيالمىدى.

ئىسلام ئۇممىتى شـەرىئەتنى ئەمەلـدىن قالدۇرۇشـنى ھەل قىلىـش چارىـسى قىلىۋالـدى. ۋەھـالەنكى، ئۇممەتنىـڭ ھاياتىدىكى خاتالىق شەرىئەتتىن كېلىپ چىقمىغـان، بەلكـى، ئۇممەتنىڭ ئىلاھىي شەرىئەت كاپالەتلىك قىلغـان ھۆكـۈمەتنى نازارەت قىلىش ھوقـۇقىنى تولـۇق جـارى قىلدۇرمىغانلىقىـدىن كېلىـپ چىققـان. شـۇڭا ياۋروپـا تۈزۈملىرىـدىن بىرەرىنـى ئىمپورت قىلىش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشـقا ئۇرۇنـۇش ھەرگىزمـۇ توغرا ھەل قىلىش چارىسى ئەمەس. بىـز كېيىنكـى كـۈنلەردە ياۋروپادىن ئىمپورت قىلىنغـان تۈزۈملەرنىـڭ مۇسـۇلمانلارنىڭ قىينىچىلىقلىرىـــــدىن ھېچبىـــــر قىينىچىلىقنىـــــى ھەل قىلالمىغانلىقىنى ئېنىق كۆردۇق.

ياۋروپانىڭ زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى قىيىنچىلىقـى تېئـــوكراتىيە ھۆكۈمىتـــدىن، يەنـــى «دىنـــدارلا ھۆكۈمرانلىقى»دىن كېلىپ چىققـان.... بـۇ دىنـدارلار دىنىنـى دەسـتەك قىلىۋېلىـپ، كىـشىلەرنىڭ روھىغـا ھۆكۈمرانلىـق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قۇل قىلىشتى. ئەمەلىيەتـتە بـۇ دىـن ئاللىقاچـان بۇزۇلغـان بولـۇپ، ئەقىـدىنى ئـۆزگەرتىش، مۇقەددەس دەپ قاراشقا بولمايـدىغان ئـادەتتىكى ئـادەملەرگە مۇقەددەسـلىك سـۈپىتىنى قوشـۇش، ھايـاتتىن شـەرىئەتنى يىراقلاشتۇرۇش ۋە دىنىنى ئۆزگەرتىلگەن، شەرىئەتسىز قـۇرۇق ئەقىدە شەكلىدە تارقىتىش ئارقىلىق كاھىنلىرى بەندە بىـلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىـسىدىكى ۋاسـتىغا ئايلانـدۇرۇپ قويۇلغـان ئىدى.

ياۋروپالىقلار بـۇ خىـل ناچـار ھـالەتنى ئـۆزگەرتىش ئۈچۈن

چوقۇم دىننى سىياسەتتىن ئايرىش، يەنى - ماھىيەتتە - دىندارلارنىڭ نوپۇزىنى سىياسىي ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇش، دىننىڭ ئارىلىششى ھوقۇقى بولمايدىغان «ئەلمانىزمچە» (دىنسىزلارچە) سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك دەپ قارىدى.... ئەمەلىيەتتە ياۋروپا ھاياتىدا ئىلاھىي دىننى تونۇپ باقمىغانلىقى، بىرەر قېتىم اللەنىڭ دىنىدىن كەلگەن ئادالەتنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇنىڭدىن باشقا ھەل قىلىش چارىسى يوق ئىدى.

بىراق، ياۋروپا - سىياسەتتىن دىندارلارنىڭ «بويۇنتۇرۇق»نى ئېلىپ تاشلىغان چاغدا - پادىشا ۋە ئىمپېراتورلارنىڭ مۇستەبىتلىكىگە دۇچ كەلدى. بۇ پادىشا ۋە ئىمپېراتورلار ۋاقىتلىق ھوقۇقنى مۇستەقىل ئىگىلەش، چىركاۋ دائىرلىرى بىلەن پۈت تېپىشىپ قالماستىن ھوقۇق تۇتۇشقا بولغان ئېچىرقاشلىرىنى تويۇندۇرۇش ئۈچۈن دىننىڭ سىياسەتتىن ئايرىلغانلىقىنى جاكالىدى. ئەمما، ياۋروپادا ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىنقىلابلار - فرانسىيە ئىنقىلابىدىن باشلاپ - دەل ئاشۇلارنىڭ مۇستەبىتلىكىنى تۈپ يىلتىزدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن پارتىلىدى. ياۋروپا ھۆكۈمەت خىزمىتىنى نازارەت قىلىدىغان، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ھۆكۈمرانلارلا يالغۇز ئىگىلىۋالماي، بەلكى، خەلققە مەنسۇپ قىلىدىغان خەلق ھاكىمىيتى قۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ھەل قىلىش چارىسى دېموكراتىيە بولدى.

بىز سانائەت ئىنقىلابىدىن باشلاپ كاپىتالىزمنىڭ ئارقا تىرىكى ۋە قوللىغۇچىلىرى بولۇپ كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ دېموكراتىيە ناملىق چىرايلىق قالپاقنى كىيىۋېلىپ «ئويۇن» ئويناۋاتقانلىقىنى، دېموكراتىيىنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزلىرىنىڭ،

يەنى، كاپىتالىزمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يۇزلەندۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىمىز.

شۇنداقلا، باشقا مىللەتلەرنى ئىشەك ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىغا مىنىۋېلىش① ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ياۋروپا جەمئىيىتىدە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلارنى كەڭرى تارقىتىشنى نىشان قىلغان يەھۇدىيلارنىڭ دېموكراتىيىنىڭ نەتىجىسىنى دەل ئاشۇ ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يۇزلەندۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىمىز.

يەھۇدىيلار: Faire Laissez, Passe Laissez «باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، ئۆزى خالىغانچە ئىشلىسۇن؛ باشقىلارنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەر، ئۆزى خالىغان يولدا ماڭسۇن» دېگەندەك خەتەرلىك پرىنسىپلارنى ئىنقىلابنىڭ شۇئارى قىلىۋالدى. بۇ گەپنىڭ مەنىسى «كاپىتالىزم خالىغانچە پايدا تاپىدۇ، بۇ كاپىتالىزمنىڭ ئەركىنلىكى، ھېچكىم بۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ؛ ئاۋام خەلق ئاتېزمچى بولامدۇ ياكى بۇزۇقچىلىق يولىدا ماڭامدۇ، بۇ ئۇنىڭ شەخسى ئەركىنلىكى، ھېچكىم بۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ» دېگەنلىك بولۇپ، يەھۇدىيلار بۇ ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنى توسالغۇسىز كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

بىز ۋاقتىنچە بۇلارنىڭ ھەممىسى نەزەرنى ساقىت قىلىپ تۇرايلى.... دىنىنى سىياسەتتىن ئايرىش ھەقىقەتەن ياۋروپالىقلارنىڭ پەقەت ياۋروپاغىلا خاس بولغان ھەل قىلىش چارىسى بولدى. بۇ ئەلۋەتتە ياۋروپانىڭ بىرەر ساماۋىي دىنغا

---

① يەھۇدىيلار تالمۇدتا مۇنداق دەيدۇ: «يەھۇدىيلار اللەنىڭ تاللانغان خەلقلىرى، باشقا مىللەتلەر بولسا بۇ تاللانغان خەلقنىڭ مىنىشى ئۈچۈن الله ياراتقان ئىشەكلەر، ھەر قاچان بۇ ئىشەكلەردىن بىرسى چىقىم بولسا يەنە بىرىگە مىنىمىز».
كاپىتالىزم دېموكراتىيىسى يەھۇدىيلارنىڭ باشقا مىللەتلەرنى ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى. (ئاپتوردىن).

ئـگە بولالمـاي، شـەرىئەتتىن ئايرىلغـان - ئـۆزگەرتىلگەن - قۇرۇق ئەقىدە بىلەن قېلىپ قالغانلىقىدىن كېلىپ چىقتى.

ئەممـا، مۇسـۇلمانلارغا كەلـسەك، گەرچە ھۆكۈمرانلارنىـڭ ھوقـۇق يۈرگۈزۈشـتىكى مۇسـتەبىتلىكىدە شـەكلى جەھەتـتىن ئوخـشاشلىق مەۋجـۇت بولـسىمۇ، بىراق، مۇسـۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىقـى بـۇ ئېقىنـدىن پۈتـۈنلەي يـىراق ئـىدى.... شۇڭلاشقا ياۋروپا ئىستىمال قىلغـان «دورا»نـى مۇسـۇلمانلارغا بېـرىش ئۇلارنىـڭ قىيىنچىلىقىنـى ھەرگـز ھەل قىلالمىـدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ كېسەلىگە يېڭى-يېڭى كېسەللەرنى قوشتى. بۇ خۇددى ئۇنىڭدا بىر قانچە خىل كېسەللىك ئورتاق بولغـان بىمارنىڭ رېتسېپلىرىدىن بىر رېتسېپقا ئاساسلىنىپلا، كېـسەل داۋالايـدىغان نـادان دوختۇرنىـڭ كېـسەل داۋالاش ئۇسـۇلىغا ئوخشاپ قالدى. بۇ نادان دوختۇر كېزىك كېـسىلىگە گرىپتـار بولغـان بىمارغـا ئۇنىـڭ بەدەن تېمپېراتۇرىـسىنىڭ ئېـشىپ كەتكىـنىگە قـاراپلا مـېڭە پەردە ياللۇغىغـا گرىپتـار بولغـان بىمارنىڭ دورىسىنى بېرىدۇ. ئەمما، بۇ دورا ئۇنىڭ كېسىلىنى سـاقايتالمايدۇ، ئەكـسىچە ئۇنىـڭ ئىممۇنىتېـت كـۈچىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەھۋالىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرىۋېتىدۇ.

مۇسـۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىقـى - يۇقىرىـدا ئېيتىـپ ئـۆتكىنىمىزدەك - ئۇلارنىـڭ ئىلاھىـي شـەرىئەت كاپالەتلىـك قىلغـان سىياسـى ھوقـۇقىنى جـارى قىلدۇرماسـلىقتەك خاتالىقىـدىن كېلىـپ چىقتـى. يېتەكچـى خەلىـپىلەر دەۋرىـدە ئۈممەت ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى تولـۇق جـارى قىلـدۇرغان چاغـدا دۇنيـا ئىلاھىـي تۈزۈمنىـڭ ئـادالەت نۇرىغا چۈمۈلدى.

ئـۈممەتنى تەلىـم-تەربىـيە يـولى بىـلەن تـۈنجى ئەۋلاد

مۇسۇلمانلار ياشىغان ۋە رېئال دۇنيادا دىننى تولۇق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان روھقا قايتۇرۇپ كېلىش رەببانى، يېڭىلىقپەرۋەر، مۇجاھىد ئالىم تەقدىم قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ھەل قىلىش چارىسىدۇر.

ئەمما، ھۆكۈمرانلىقتىن ئىسلام شەرىئىتىنى يىراقلاشتۇرۇپ، غەربتىن دېموكراتىيىنى ياكى باشقا تۈزۈملەرنى سۆرەپ كىرىش ئۇممەتنىڭ رېئاللىقىدا نېمە ئىشلارنى پەيدا قىلدى؟ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئەسكىلىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇممەت ھېلىھەم ئۇنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىدۇ. ئۇممەت اللهنىڭ ئەمرىگە قايتىپ، الله ئىنسانلار ئۈچۈن ھىدايەت، دىللار ئۈچۈن شىپا قىلىپ چۈشۈرگەن ئىلاھىي ھەل قىلىش چارىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق خاتالىقلىرىنى تۈزەتمىگىچە ئۇنىڭ دەرد ـ ئازابىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ.

ئەمما، باياۋان جەمئىيىتىدە شەرىئەتنى ھۆكۈمرانلىقتىن يىراقلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىشلارنى بىر ئازدىن كېيىن سۆزلەيمىز.

دېموكراتىيە ئەمەلىي رېئاللىقتا كۈلكىلىك كومېدىيىلەرنى ۋە كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1919 ـ يىلى مىسىرلىقلار ۋەتەنپەرلىك ئىنقىلاۋىنى قوزغىدى. شۇ چاغدا بۈيۈك برىتانىيە داھىيسى چېرچىل يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مىنىستىرى ئىدى. ئۇ ئىنقىلاب خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ: «مىسىرلىقلارنىڭ ئىنقىلاب قىلىشتىكى مەقسىتى نېمە؟» دەپ سورىدى.

ـ مىسىرلىقلارنىڭ مەقسىتى پارلامېنت ۋە ئاساسى قانۇنغا

ئىرىشىش- دېگەن جاۋاپنى ئاڭلاپ، چېرچىل مەسخىرە قىلغان ھالدا: Give them a toy to play with «مىسىرلىقلارغا بۇ ئويۇننى بېرىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلسۇن!» دېدى.

كومېدىيە ھۆكۈمەت سايلىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ سايلام ئىشلىرىغا كۈچ بىلەن ئارىلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ھۆكۈمەت سايلامنى ساختىلاشتۇرۇش، سايلىغۇچىلارنىڭ ساۋاتسىزلىقىدىن پايدىلىنىش، ئاۋازلارنى پۇلغا سېتىۋېلىش، ھەقىقىي ساندۇقلارنى بىكار قىلىپ، ئۇنى 99.9% نىسبەت بىلەن ئالدىن تەييارلانغان ساندۇقلارغا ئالماشتۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ سايلامغا ئارىلىشىشنى توسۇشقا ئۇرۇنغۇچىلارنى قاماققا ئېلىش ۋە بىر قىسىم سايلانغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش بەدىلىگە يەنە بىر قىسىم سايلانغۇچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان باشقۇرغۇچىلارنى نۇقتىلىق تەقسىم قىلىش.... ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. (ئەمما، خەلقنىڭ كۆرىدىغىنى پەردىنىڭ ئارقىسىدىكى پىلان ئەمەس، بەلكى، سەھنىدىكى ئالدىن تەييارلانغان كۆرۈنۈشلەردۇر).

ئەمما، تراگېدىيە ئائىلىلەرنى پارچىلاپ، ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە قارشى دۈشمەنلىكنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، بىر ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى پەيدا قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنى خىلمۇ-خىل پارتىيىلەرگە تەۋە قىلىش، سىياسىي ئالدامچىلىقنى كەڭرى تارقىتىش، ئاۋام خەلقنى «شىرىن ۋەدىلەر» بىلەن ئالداش ۋە نېپوتىزمچىلار (ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەتىۋارلاپ

ئىشلىتىدىغان ھوقۇقلىرى)نى مەقسەتلىك ۋەزىپىگە قويۇش.... نەتىجىسىدە ئائىلىلەر چاك-چېكىدىن پارچىلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە جاسۇسلىرى ئارقىلىق دۆلەتكە خىزمەت قىلىدىغان ھەر خىل پارتىيىلەر كۆپىيىدۇ. ئاۋام خەلقنىڭ مەنپەئەتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە دەخلى-تەرىزگە ئۇچرىشى بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم رايونلارغا ماھىيەتتە ئاشۇ پارتىيىلەر ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان خىرىستىئانلارنىڭ مەنپەئەتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، خەلق بۇنىڭغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي غەپلەت ئىچىدە بولۇپ، ئۇلار پەرۋاسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ پارتىيىلەر ئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەرزىمەس كۆرەشلىرى ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ. ھەقىقى دۈشمەنىنىڭ يېپىلىپ قالغانلىقى سەۋەپلىك جىنايەت ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. كىشىلەر دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئىرادىسىدىن قايتىپ، بارلىق كۈچىنى پارتىيىلەر ئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆرەشكە سەرپ قىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە خەتەرلىك بىر ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدى.... يەنى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا پارتىيىلەر پەيدا قىلغان بۇزۇقچىلىقنى ئىسلاھ قىلىش باھانىسى بىلەن ھەربىي ئىنقىلاب مەيدانغا كەلدى.

ھەربىي ئىنقىلاب تراگېدىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولدى....

ئەرەب خەلقلىرى تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. زولۇمدىن قېچىپ ئوسمانىيە دۆلىتىدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. يەھۇدى-خىرىستىئانلار

بۇنىڭــدىن خۇشــاللىنىپ كۈلۈشــتى ھەمــدە ئەرەبلەرنىــڭ مۇستەقىللىقىغە، سىياسى ئادالەتكە، زامانىۋىلىققا، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى؛ ئىنقىلابتىن كېيىن يېڭى بىر دەۋرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى، ئەرەبلەرنىڭ تارىختىن بىرى ئەمەلگە ئاشمىغان شىرىن چۈشلىرىنىڭ ئەمدى ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى - ماھىيەتتە «بۈيۈك ئەرەپ ئىنقىلابى»غا رەھبەرلىك قىلغان ئەنگىلىيە جاسۇسى لاۋرېنس ئارقىلىق-ئەرەبلەرگە چۈشەندۈردى.

«بۈيۈك ئەرەب ئىنقىلابى» پارتىلاپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ مەغلۇب بولۇشىغا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى. سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان ئىستانبۇل بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئوتتۇرىسىدا قۇرۇپ چىققان تۆمۈر يولنى پاچاقلاپ تاشلىدى... ئاندىن ئەرەب دۇنيا ئەللىرىنى ئەنگىلىيە بىلەن فرانسىيە ئۆز-ئارا بۆلۈشۈۋالدى ۋە ئۇنى ھەممىسى خرىستىئان ئىشغالىيەتچىلىرىگە بويسۇنىدىغان كىچىك، ئاجىز، بىچارە، نامرات دۆلەتلەرگە ئايلاندۇردى. پۈتكۈل ئويۇننىڭ نىشانى بولغان پەلەستىن ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى يەھۇدىيلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قۇرۇپ چىقىشقا شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن ئەنگىلىيىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ئەرەب دۆلەتلىرى ئوسمانىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن چاغدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى، ھۆرمىتى ۋە شان-شەرىپىنى يوقۇتۇش بولدى. تېخمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى اللە

بەرىكەتلىك قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا قىلغان سەپىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان، شەرەپلىك ئىككى ھەرەمنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان مۇقەددەس زېمىن قولدىن كېتىپ، غەرب خرىستىئانلىرىنىڭ قۇللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. يەھۇدىيلار بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىدا غادىيىپ ماڭىدىغان بولدى.

ئۇسمانىيلارنىڭ زۇلۇملىرىنى قوبۇل قىلىش ياكى ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش اللەنىڭ شەرىئىتىدە توغرا ئەمەس... بىراق، ئۇممەتنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ئاشۇ «ئۇسۇل»ىدىن كېيىنكى ھالىتى بۇنىدىن ئىلگىرى زارلانغان ھالىتىدىن نەچچە ھەسسە ناچار بولدى. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرى بۇنىڭغا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ:

كۆنلىرىمنىڭ قەدرىگە يەتمەي شۇ چاغ،
قاقشىدىم مەن ناشۈكۈرلۈك قىپ ئاڭا.
كەلگىنىدە ئارزۇ قىلغان «گۈزەل چاغ»،
يىغلىدىم مەن ياش تۆكۈپ زار-زار ئاڭا.

شۇنداق تۇرۇپ، بۇ تېخى تراگېدىيىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئەمەس.

يۇقىرى پەللە - بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك- ئىلگىرى بېسىلغان قەدەملەر پەيدا قىلغان بۇزۇقچىلىقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئەرەب ئەللىرىنى بېسىۋالغان ئەجنەبىيلەرنىڭ دۆلەتتىن ئەسكەر چىكىندۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى نوپۇزىدىن مىللەتنى ئازات قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن ھەربىي ئىنقىلاب بولدى.

ئىسلام ئۇممىتى پۈتكۈل تارىخىدا ھەربىي ئىنقىلاپ پەيدا قىلغان زولۇمدىنمۇ دەھشەتلىكراق زۇلۇمنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىدى.... بۇرۇنقى دەۋرلەردە سىياسى ئىستىبدات چەكلىك دائىرىدە بولاتتى. سۇلتاننىڭ غەزىپىگە مۇئەييەن شەخس ياكى مۇئەييەن جامائەت دۇچ كېلەتتى. ئەمما، ئادەتتىكى كىشىلەر بولسا زۇلۇمغا ئۇچرىماي خاتىرجەم ياشايتتى. ئۇچرىدى دېگەندىمۇ ئاچكۆز ۋالىيلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغان بىرەر مال-مۈلكى سەۋەپلىك ياكى كەمبەغەل تۇرۇپ ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشقان باج-سېلىق سەۋەپلىك بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ خاتىرجەم ھالدا ئىشقا كېتىۋېرەتتى. ئاخشاملىرى دوستلىرى بىلەن جەم بولۇپ مۇڭدىشاتتى. دەرت-ئەلەملىرى، جاپا-مۇشەققەتلىرى ھەققىدە پاراڭلىشاتتى ياكى ۋالىينى - يوق يېرىدە - تىللاپ قوياتتى. ھەتتا، گاھىدا سۇلتاننىڭ ئۆزىنىمۇ تىللاپ قوياتتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا خاتىرجەم ئىدى.

ئەمما، ھەربىي ئىنقىلاب قورقۇنچلىقتا ھەر قانداق نەرسىدىن ئېشىپ چۈشتى...

ھېچكىم خاتىرجەم ئەمەس....

چۈنكى، ھۆكۈمەتنىڭ جاسۇسلىرى كىشىلەرنىڭ تىنىقلىرىنىمۇ سانايدۇ. زالىم «پىرئەۋن»نىڭ خىزمەتلىرىدىن بىرەر خىزمەتنى تەنقىدلەپ بىر ئېغىز گەپ قىلغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!... ئۇنى تۇرمە، ئازاپ ۋە سۈرگۈن كۈتۈپ تۇرىدۇ.... گاھىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن كىشىنىڭ جەسىتى كېچە ياكى كۈندۈزدە كامىر ئىچىگىلا تاشلاپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر - شىكايەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن - ئۇ تىرىكمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ دەپ سوراشقىمۇ

پېتىنالمايدۇ. كىمكى شۇنداق دەپ سورىسا، ئۇنىڭ سوئالىنىڭ جاۋابى ئۇچۇن ئۇمۇ «بارسا يا كېلەر، يا كەلمەس» جايغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىلىدۇ.

ھەر تۈرلۈك ئازاپلاردىن تەنلەر شۈركىنىدۇ....

يىرتقۇچ ھايۋان يېپىش ئۈچۈن ئوۋلايدۇ. ئەگەر قورسىقى تويسا ئوۋلاشتىن توختاپ كەلگەن جايىغا قايتىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز ئولجىسىنى ئازاپلاش ۋە ئۇنىڭ ئازابىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن ئوۋلىمايدۇ. ئەمما، ئىنسان ئادىمىيلىكىنى يوقۇتۇپ، ئەڭ پەس ھالغا چۈشۈپ قالغاندا ئاشۇ يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ياۋۇزلۇق قىلىدۇ.

خەلقنى قورقۇنچتىن، خارلىقتىن ۋە قۇللۇقتىن «ئازات قىلىۋاتقان» بۇ ئەسكەرلەر ئەنە شۇنداق ۋەھشىيلىكلەرنى سادىر قىلدى. تاغۇتلارنىڭ بىرى ئەڭ قورقۇنچلۇق قىيناش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىۋېتىپ تۇرۇپ، بىراۋغا: «قېرىندىشىم! بېشىڭنى كۆتۈر! مۇستەبىتلىك دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى» دەۋاتاتتى.

كىشىلەر خار بولدى... ئۇلارنىڭ روھى سۇندى... ئۇلارنى «تۈندىكى يوچۇن ئادەم» تەرىپىدىن كېلىدىغان دەھشەتلىك ئۆلۈم قورقۇنچىسى چىرمىۋالدى. «بۇ ئادەم» يېرىم كېچىدە بىراۋنى ئۆز ئۆيىدىن خوتۇن-باللىرىنىڭ كۆز ئالدىدىنلا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنى قاراڭغۇ زۇلمەتلەرنىڭ قوينىغا تاشلايدۇ، ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ـ اللەدىن باشقا ـ ھېچكىم بىلمەيدۇ... ئۇممەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئاياللارمۇ تۈرمىگە تاشلاندى ۋە كامىرلادا قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىندى. ئۇلارنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىززەت-ئابرۇيى دەپسەندە قىلىندى. قەدرى-قىممىتى ۋە ھايا-

نۇمۇسى ئاياغ ئاستى قىلىندى...①

پۈتكۈل خەلقنى قورقۇنچ بىلەن بىللە نامراتلىق قاپلاپ كەتتى. ئۇممەتتىن مەجبۇرىي تارتىۋېلىنغان ھارام بايلىق بىلەن يانچۇقى تومپايغانلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، خەلق ئاساسەن نامرات ئىدى.... ئۇممەتنىڭ ھۆرمىتى بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئەخلاقى، غورۇرى ۋە قىممەت قارىشى دەپسەندە قىلىندى.... كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى بىر چىشلەم نان ئىزدەش بولۇپ قالدى. كىشىلەر نانغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىدىن ھاسىراپ يۈگۈرەيدۇ. ئەگەر ئاشۇ نانغا ئېرىشەلىسە خارلىق، قورقۇنچ ۋە بىچارىلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى كىمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ؟!

كىمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلق يەنچىلىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى تاغۇتلارنىڭ قەدىمى ئاستىدا دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ؟!

دۇنيا خرىستىئانلىرى ۋە دۇنيا يەھۇدىيلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئىسرائىلىيىنىڭ خاتىرجەملىكى، مۇقىملىقى ۋە كېڭىيىشى ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىسلامى خەلقلەر بولسا ئېزىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جىھاد قىلىش تۈگۈل، رەت قىلىش ۋە ئىتىراز بىلدۈرۈشكىمۇ پېتىنالمايۋاتىدۇ.

ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى ئىنقىلاب قىلغان خەلقلەرنىڭ ئېرىشكىنى ئەنە ئاشۇ بولدى.

---

① زەينەب غەززالىينىڭ «مېنىڭ كۈنلىرىم» ناملىق ئەسلىمىسىگە، ئابدۇللا ئەززامنىڭ «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق كىتابىغا قاراڭ! (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

يەنە بىر قېتىم دەيمىز: ئوسمانىيلارنىڭ زۇلۇملىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇش اللەنىڭ شەرىئىتىدە توغرا ئەمەس.... بىراق، ئۇممەت ـ باياۋاندا ـ قوللانغان بۇ ئۇسۇل تولىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە ئاچچىق بولدى... بەلكى، خارلىق، بىچارىلىك ۋە يوقۇلۇش بولدى....

باياۋاندىكى ئەجەپلىنەرلىك ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ھەر دائىم بىر توپ دۇمباقچى ۋە سۇنايچىلار باياۋان باسقۇچلىرىدىن ھەر بىر باسقۇچ ئۈچۈن دۇمباق ۋە سۇنايلىرىنى ياڭرىتىدۇ. ئەگەر ئۇ كېتىپ، يەنە بىرسى كەلسە ئالدىنقىسىغا لەنەت ئېيتىپ، دۇمباق ۋە سۇنايلىرىنى يېڭىسىغا ياڭرىتىدۇ. يېڭى باسقۇچ ئۈچۈن ئالدىنقىسىغا ئوخشاش قىزغىنلىق ۋە دوستانىلىق بىلەن دۇمباق ۋە سۇنايلىرىنى چېلىشقا باشلايدۇ.

دېموكراتىيە كېلىپ پارتىيىلەرنى تەشكىللىدى ۋە بىر-بىرىگە قارشى كۆرەشلەرگە قاتنىشىۋىدى، تەشۋىقاتچىلار خۇشاللىق ۋە تەنتەنە بىلەن: «مانا ئەمدى ئۇممەت ئازات بولدى، تەرەققى قىلدى، پارتىيىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بولدى» دېيىشتى...

سوتسىيالىزم دىكتاتۇرىسى كېلىۋىدى، تەشۋىقاتچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ ھەر خىل پارتىيىلەرنى كۆرەشكە سېلىش ئارقىلىق مىللەتنى بۇزغان، مىللەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغان، ئىناقلىقنى تۈگەتكەن «يىراق ئۆتمۈش»كە لەنەت ئېيتىشقا باشلىدى.... شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا: «مانا ئەمدى ئۇممەت بىرلەشتى، بۇزۇقچىلىقتىن ئازات بولدى، ئۆزىنىڭ يوقالغان كىملىكىنى ئەسلىگە

كەلتۈرىدىغان ۋە نىجاتلىق يولىدا ماڭىدىغان بولىدى»
دېگەندەك ياڭراق شۇئارلانى ياغدۇرۇۋەتتى.

دۇمباقچى ۋە سۇنايچىلار.... يازغۇچىلار، مۇخبىرلار، ناتىقلار، سەنئەتكارلار، ھېكايىچىلار ۋە دراماتۇرگلار ئايلانماقتا.... ئۇممەت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن باياۋان زۇلمەتلىرىدە چۆرگىلىمەكتە!.

* * *

يۇقىرىقىلار سىياسىي ساھەدىكى بىردىنبىر باياۋان ئەمەس...

ئىسلامىي بىرلىككە قارشى مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرلىك تەشۋىقاتلىرى تارقالدى ياكى تارقىتىلدى...

بۇ ئۇممەتنىڭ تارىخىدىكى ئىسلامىي بىرلىك دەۋەت ۋە دەۋا بولماستىن، بەلكى، ئەمەلىي تۇرمۇش ئىدى... ئۇممەت مۇسۇلمانلىق سالاھىيەتكە ئىگە بولغاچقا، باشقا بىر ئىدىيىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

«ئىسلامىي دۆلەت» شەرق ۋە غەربتە كۆپلىگەن سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بىر قانچە قېتىم پارچىلاندى. ئەمما، ئۇممەتنىڭ «غەربتىن شەرققىچە پۈتۈنلەي بىر ئۇممەت بىز» دېگەن تۇيغۇسى دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئىدى. بەلكى، بىر قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئۆز-ئارا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئىدى. چۈنكى، «دۆلەت» دېگەن ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئەمىرلىرى بىلەن ئايرىم نەرسە، «ئۇممەت» دېگەن ئەقىدىسى، شۇئار، ئىدىيە، قىممەت قاراش ۋە تەسەۋۋۇر بىرلىكى بىلەن ئايرىم نەرسە ئىدى. سۇلتان ۋە ئەمىرلەرنىڭ كۆرەشلىرى بىلەن

دىنىنىڭ ئالاقىسى يوق ئىدى....

ئاخىرى ئۇممەت باياۋانغا كىرىپ كەتتى....

مانا بۇ چاغدا تارىختا تۇنجى قېتىم ئۇممەتنىڭ بىرلىكى پارچىلاندى.... چۈنكى، ئۇممەتنىڭ ئېڭىدا ئەقىدە مۇناسىۋىتى ئۇممەتنى بىرلەشتۈرىدىغان ئۇنىۋېرسال ئالاقە بولۇشتىن قالدى.... بەلكى، ئۇنىڭ ئورنىنى غەربتىن ئىمپورت قىلىنغان يات ئىدىيىلەر ئىگىلەپ كەتتى. ئۇممەتنى پارچىلاپ، بىرلەشتۈرەمسىلىك ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئۇششاق پارچىلارغا ئايلاندۇرۇش دەل ئاشۇ يات ئىدىيىنىڭ خاراكتېرى ئىدى.

بىراق، ئۇممەت باياۋاندا بۇلارنى ئاڭلىق تۈردە بايقىيالمىدى...

ئۇممەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك پاسونى بىلەن ياسىنىۋېلىپ، ئۆزىنى ئۇزاق ئەسىرلەر جەريانىدا چىرىگەن كونا كىيىمنى سېلىپ تاشلاپ، سىياسى ئىدىيە دۇنياسىدا باشقا بىر «مودا» كىيىمنى كىيىۋالدۇق دەپ ئويلاپ قالدى.

دېمىسمۇ، كىيىم ھەقىقەتەن چىرىشكە باشلىغان ئىدى... بىراق، ئۇنىڭ چىرىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ كىيىم ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھەر بىر ئەۋلادنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ يىپلىرىمۇ ئاپتوماتىك ھالدا يېڭىلىنىپ تۇراتتى.... پەقەت قەلبلەرنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا كىيىمنىڭ يىپلىرىنى يېڭىلايدىغان روھ ئۆچۈپ قالغاچقا كىيىم چىرىشكە باشلىغان ئىدى...

ھەل قىلىش چارىسى كىيىمنى سېلىۋېتىش ئەمەس،

بەلكى، دەرەخ تالالىرى ئىچىدە جانلىق سۈيۈقلۇقنىڭ ھەرىكەتلەنىشى ئارقىلىق دەرەخ يوپۇرماقلىرى يېشىللانغاندەك، قەلبلەردە كىيىمنىڭ يىپلىرىنى ئۆزلىكىدىن يېشىللاپ تۇرىدىغان ئەقىدىنى تىرىلدۈرۈش ئارقىلىق كىيىمنى يېشىللاش ئىدى....

{أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلاً كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا}

«اللەنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ①».

بىراق، ئۈممەت چىرىشكە باشلىغان كىيىمگە كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرى بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ قەدىرىگە يەتمىدى، ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلەلمىدى.... الله كەلىمە تەييىبىدە، يەنى «لا إلــه إلا الله ، محمــد رســول الله» كەلىمىسىدە ئامانەت قويغان، كىيىمنىڭ ئۆزلىكىدىن يېشىلىنىدىغان ئاجايىپ ئىقتىدارىنى قەدىرلىيەلمىدى.

ئۈممەت بۇ كىيىمگە قىزىقمايلا ئۇنى سېلىۋەتتى.... ساددىلىق - ياكى دۆتلۈك - ئىچىدە غەربتىن ئىمپورت قىلىنغان گۈللۈك كىيىملەرگە ئۆزىنى ئاتتى. ئەپسۇسكى، ئۈممەت (كۆزنى قاماشتۇرىدىغان) بۇ گۈللۈك كىيىمنىڭ توقۇلمىلىرىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى پاراسەت كۆزى بىلەن سىناپ باقمىدى....

---

① سۈرە ئىبراھىم: 24- 25- ئايەتلەر.

مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرلىك ياۋروپانىڭ پەقەت ياۋروپاغىلا خاس بولغان كىرىزىسىنىڭ (اللە نامى بىلەن ياۋروپالىقلارنى ئەزگەن چىركاۋ دىنىغا قايتۇرغان) ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنى ئىسلام دۇنياسىغا سۆرەپ كىرگۈچىلەر دەۋا قىلغاندەك «ئىنسانىي» نەتىجە ئەمەس.

ياۋروپا چىركاۋلىرىنىڭ ساختا دىنىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ قىلغان زوراۋانلىقلىرى غەربكە چۈشكەن پۈتكۈل ئاپەتنىڭ ئاساسى بولدى.

چىركاۋلارنىڭ زوراۋانلىقى نورمال چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ياكى ياۋروپالىقلار ئىسلام بىلەن سۈركەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىدا زالىملارغا بولغان نەپرەت تۇيغۇسى كۈچەيگەن ۋاقىتتا ياۋروپالىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان بۇ قورقۇنچلۇق چىركاۋ زوراۋانلىقىنىڭ نوپۇزى ئاستىدىن چىقىپ چىقىشقا ئۇرۇندى. ئاندىن ئۇلار پاپانىڭ نوپۇزىغان بويسۇنمايدىغان چىركاۋ ياكى ئېقىملار ئىچىدە باشتىن-ئاخىرى مۇستەقىل بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىش ئاشۇ چىكىنىشنىڭ مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرلىككە ئايلىنىشىغا بېرىپ يەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. مۇبادا ئاشۇ مىللەتچىلىكنى كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن تەمىن ئەتكەن ئىككى ئىش بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرمىگە بولسا، بۇ ئۇرۇش ياۋروپالىقلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى يوق قىلىۋېتىشكە ئازلا قالغان ئىدى.... ئەمما، ياۋروپالىقلار بۇ كۈچ-قۇۋۋەتنى مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ خاراكىرى دەپ ئويلاپ قالغاچقا، مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىككە چىڭ ئېسىلدى. بىراق، ياۋروپالىقلار ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭدا يوشۇرۇنۇپ

ياتقـــان رەزىللىكىنـــى بايقـــدى-دە، مىللەتچىلـــك ۋە ۋەتەنپەرلـــك توســۇقلىرىنى ئېرتـــپ تاشــلاپ، ياۋروپــانى ئاممىباپ بىرلىك ئاساســدا بىرلەشتۈرىدىغان يېڭـى بـايراقلار ئاستىغا توپلىنىشقا باشلىدى....

بىر مەزگىـل مىللەتچىلىكنـى كـۈچ-قـۇۋۋەت بـىلەن تەمىـن ئەتـكەن ئىككـى ئـشنىڭ بىرىنچىسى: سـانائەت ئـىنقىلاۋى، ئىككىنچىسى: ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاجىزلىششى.

بىرىنچىسى ھەر قانداق مىللەتچىلىكنى سانائەتتىن كېلىـپ چىققـان ئىقتىـسادى كـۈچكە تايىنىـــپ باشــقىلار بىـــلەن رىقابەتلىشــــشكە ئۈندىـــــدى. ئىككىنچىــــسى ياۋروپــــا مىللەتچىلىكنـى بىـر مەزگىـل ئـۆز-ئـارا بىـر-بىـرىگە قـورال تەڭلەشتىن توختىتىپ ئىـسلام دۇنياسـىغا ھۇجـۇم قىلىـشقا ۋە ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا ئۈندىدى.

خرىستىئان تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىردىنبىـر مەقستى ئىـسلام دۇنياســنى ئاســان يــۇتقىلى بولــدىغان كىچىـك لوقمىلارغـا ئايلانــدۇرۇش بولــدى..... شــۇڭا ئــۇممەت - باياۋانــدا - دۈشــمەنىنىڭ ئېزىقتۇرۇشــى بـــلەن تەڭداشــسىز توقۇلمىلــق كىيىمنى سېلىپ تاشلاپ، گۈللۈك، رەڭدار ئەمما، توقۇلمىسى ناچــار كىيمنـــى كىيىۋالــدى (يەنــى تــوغرا ئەقىدىـــدىن ۋاز كېچىپ، غەرب ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى).

ئۇممەت بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغـان چاغـدا، دۈشـمەنىنىڭ كـــۆتكەن مەقـــستى ئەمەلـــگە ئاشـــتى. ئەرەب ۋە تـــۈرك مۇسۇلمانلىرى ئەرەب ۋە تۈرك مىللەتچىلكى ئاساسدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، يەھۇدى-خرىستىئانلار بىـلەن بىرلىـشىپ ئوسـمان ئىمپېرىيىــسىنى يىقىتــپ، ئــۆزلىرىنى كىچىــك دۆلەتــلەرگە ئايلاندۇردى. غەرب خرىـستىئانلىرى پارچىلانغـان بـۇ كىچىـك

لوقملارنى ئىشتىھا بىلەن يۇتۇشقا باشلىدى.

* * *

ئۇممەتنىڭ باياۋاندىكى مەزگىلىدە ئۇممەت يالغۇز سىياسى ساھەدىلا بۇزۇلغىنى يوق.... بەلكى، شەرىئەتنى يىراقلاشتۇرۇش ئۇممەتنىڭ ھاياتىدىكى ھەممە نەرسىنى قاپلىدى، ھەممە نەرسنى كەڭ ـ كۆلەملىك بۇزدى....

ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ «دىن» ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى بۇزدى.

دىن الله تەرەپتىن ئەقىدە، شۇئار ۋە شەرىئەت.... دىن ۋە دۆلەت.... ھاياتنىڭ پرىنسىپى..... سۈپىتىدە نازىل قىلىنغان.

بىراق، كىشىلەر ـ باياۋاندا ـ بۇ سۈزۈك تەسەۋۋۇرنى يوقاتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا دىننى دۆلەتتىن ئايرىدىغان، دىننى بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، ئۇنىڭ ئورنى قەلب، ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان غەربنىڭ چىركاۋ چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلدى.

ئۇلار اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى يوقاتتى.

{فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً}

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ

يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ①» .

{وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ}

«كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر②» .

{أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ؟}

«ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟③» .

ئۇلار اللەنىڭ كىتابىدا بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ تۇراتتى. بىراق، مەزمۇنىدىن خالى قۇرۇق سادادىن باشقا نەرسە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە تەسىر قىلمايتتى.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، «دىن» ئۇقۇمى، «لا إله إلا الله» ئۇقۇمى ۋە «ئىبادەت» ئۇقۇمى.... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەھلى-سەلىب ھۇجۇمىدىن ۋە ئىسلام ئارمىيىسى غەرب ئەلدىدا مەغلۇب بولۇشتىن ئىلگىرىلا مۇسۇلمانلارنىڭ روھى دۇنياسىدا ئاللىقاچان ئۆز مەنىسىنى يوقاتقان ئىدى. بىراق، شۇنداقتىمۇ، مۇسۇلمانلار - ئۇلارنىڭ ئېڭىدا - ناماز ۋە اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىش زادى مۇمكىن بولمايدىغان «ئىككى تۇساق»نىڭ ئالدىدا توختاپ قالغان ئىدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ھەر قانداق ئىشقا ئېتىبارسىز قاراپ، الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا مۇسۇلمان ناماز ئوقۇيدۇ، ئەگەر ئۇ نامازنى

① سۈرە نىسا: 65- ئايەت.

② سۈرە مائىدە: 44- ئايەت.

③ سۈرە شۇرا: 21- ئايەت.

تاشلىسا مۇسۇلمان ھېساپلانمايدۇ؛ مۇسۇلمان اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەگەر ئۇ اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىدىن ھۆكۈم ئىزدىسە مۇسۇلمان ھېساپلانمايدۇ.... دېگەن ئۇقۇم تېخىچە مەۋجۇت ئىدى.

بىراق، ئۇلار غەربتىن ھەيران قالغان ئاشۇ دەسلەپكى مەزگىلدە ھەر ئىككى توساقتىن ئۆتۈپ كەتتى... دەسلەپتە شەرىئەتنى بىكار قىلدى، ئاندىن نامازنى تاشلىدى.

دۇمباقچى ۋە سۇنايچىلار ئۇممەتكە ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى چىرايلىق كۆرسىتىشكە ئالدىرىدى ھەمدە ئۇلارغا تۇنجى قەدەمدە: «كېرەك يوق، سىلەر اللەنىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلماسلىق بىلەن دىندىن چىقىپ كەتمەيسىلەر، بۇ دېگەن ‹تەرەققىيات› قا بويسۇنىدىغان مەسىلە، سىلەر ھەر قاچان ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ تۇرساڭلارلا مۇسۇلمان ھېساپلىنىسىلەر» دەپ ئۇلارنى ئېزىقتۇردى. ئاندىن ئۇلارغا ناماز، روزا ۋە باشقا ئىبادەت شۇئارلىرىنى تاشلىۋېتىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى ھەمدە ئۇلارغا: «كېرەك يوق، سىلەر تىلىڭلار بىلەن ‹لا إلــه إلا الله› دېگەن ئىكەنسىلەر، ئۇنداقتا، ناماز ئوقۇمىساڭلارمۇ، روزا تۇتمىساڭلارمۇ ئوخشاشلا مۇسۇلمان ھېساپلىنىۋېرىسىلەر» دەپ ئۇلارنى ئېزىقتۇردى.

ئۇممەت ئىككى تەرەپتىن ئازدۇرۇلدى.... بىرى: ئىدىيۋى ھۇجۇمنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى بولغان دۇمباقچى ۋە سۇنايچىلار تەرەپتىن، ئىككىنچىسى: ھاكىمىيەتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش كۆرىدىغان ئەسكى ئالىملار تەرەپتىن... ئازدۇرۇلدى.

دۇمباقچى ۋە سۇنايچىلار ئۇممەتكە مۇنداق دېيىشتى: «سىلەر بىر چاغلاردا شەرىئەتنى قانۇن قىلغان ئىدىڭلار، مەسجىدلەرگە لىق تولغان ھالدا ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا

ئورۇندىغان ئىدىڭلار. بىراق، بۈنىڭدىن ئاجىزلىق، قالاقلىق ۋە غەرب ئالدىدا يېڭىلىش.... تىن باشقا نېمىگە ئېرىشتىڭلار؟ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، غەربلىكلەر سىلەرنىڭ بۇ قاتمال شەرئىتىڭلارنى قانۇن قىلمايدۇ، بەلكى، ئۇلار دەۋرگە ماس كېلىدىغان «يېڭى قانۇن»غا ئاساسلىنىدۇ. ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، سىلەر نەدە؟ ئۇلار نەدە؟... ئۇلار يۇقىرى چوققىدا، كۆكتە، سىلەر بولساڭلار ئازگالدا، پاتقاقتا... سىلەرنى قاماللاپ تۇتۇۋالغان بۇ زەنجىر-كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاڭلار، مەدەنىيەت، كۈچ-قۇۋۋەت، تەرەققىيات، يۈكسىلىش ۋە ئىلگىرىلەش تەرەپكە قاراپ ئاتلىنىڭلار!....»

ئەسكى ئالىملار ئىرجائى ئىدىيىسىگە يۈلىنىۋالدى: «كىمكى تىلى بىلەن ﴿لا إلــــه إلا الله﴾ دېسە، گەرچە ئۇ ئىسلام ئەمەللىرىدىن ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسىمۇ، ئۇ مۇئمىن. پەرۋەردىگارىڭلار قەلبلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، قەلبىڭلار ئىمان بىلەن ئاۋات بولسىلا باشقا نەرسىنىڭ ھاجىتى يوق، گۇناھ ئىمانغا دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ».

ئۇممەتنى ئازدۇرىدىغان چاقىرىقلار ھەممە تەرەپتىن ياڭراپ، ئۇممەتنى باياۋانغا ئىتتىرىۋەتتى.

ھېس-تۇيغۇلىرى ئىسلام ۋە قۇرئان بىلەن بىرىككەن بىر قىسىم «ئاقكۆڭۈل كىشىلەر» بولسا ئۆز-ئۆزىگە: «بىزنىڭ نېمە چارىمىز بولسۇن؟ زامان ئۆزگەردى، ئەمدى ئۆتمۈشتىكى كۈنلىرىمىزگە قايتالمايدىغان بولدۇق» دەپ ئۆتكەن كۈنلىرىگە ھەسرەت چېكەتتى.

مالايلار خوجايىنلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان كىشىلەردىن دۆلەتنىڭ تازىلىنىۋاتقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، قوللىرىنى

ئۇۋلىشاتتى.

يەنە بىر تۈپ كىشىلەر ھەيرانلىق بىلەن مۇنداق دېيىشەتتى: «بىزدىن نەچچە ئۈن قەدەم ئالدىغا ئىلگىرىلەپ كەتكەن مەدەنىيەتلىك، تەرەققىي قىلغان، ئىلغار (ياۋروپالىقلار) غا قۇرئان كەرىمدىكى (ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر... ئۇلار ئازغۇنلاردۇر... ئۇلار ئاڭلىمايدىغان گاس، كۆرمەيدىغان قارىغۇلاردۇر...) دېگەن سۈپەتنى تەتبىقلاش ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ؟، مۇشۇ سۈپەت ئۇلاغا مۇۋاپىق كېلەمدۇ؟.

ھەي!....

ئۇنداقتا، پايدا تاپقۇچى، توغرا يولدا ماڭغۇچى كىم؟... كۆزى ۋە پاراستى ئېچىلغىنى كىم؟ مەرىپەتنىڭ جەۋھىرىنى ۋە ھەقىقى ئىلىمنى قولغا كەلتۈرگىنى كىم؟!

ياق! قۇرئان كەرىم سۈپەتلىگەن قەۋم ئالىقاچان دۇنيادىن كېتىپ بولغان باشقا بىر قەۋم بولۇشى كېرەك! چۈنكى، بۇ سۈپەتلەر غەربىنىڭ بۈگۈنىگە ئەسلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

بىزمۇ ھەم شۇنداق! بىز غەربكە تەقلىد قىلىۋاتقان، غەرب ماڭغان يولدا مېڭىۋاتقان تۇرساق، قۇرئاندىكى سۈپەتلەر بىزگە قانداقمۇ ئۇيغۇن كەلسۇن؟

بىزمۇ غەربلىكلەرگە ئوخشاش بىلىملىك بولۇپ، تەرەققى قىلىپ، زەنجىر-كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئايالارنى ئازات قىلىپ، ئۆز ئالدىمىزغا مۇستەقىل قانۇن تۈزگەن چېغىمىزدا.... قۇرئان ئېيتقاندەك (جاھىلىيەت) گە تەۋە بولامدۇق؟

ياق! ياق!...

قۇرئان بىر بولسا ئاللىقاچان دۇنيادىن كەتكەن مۇئەييەن بىر قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان، قۇرئاننىڭ ھۆكۈمى شۇلارغا نىسبەتەن توغرا. چۈنكى، ئۇلار ئىپتىدائىي دەۋردە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئىنتىزاملاشتۇرىدىغان يۈكسەك ئىدىيىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. قۇرئان ئۇلارغا نىسبەتەن يۈكسەكلىك ۋە ئىلغارلىق ئىدى.... بىر بولسا بۈگۈن - ياۋروپالىقلار ئېيتقاندەك - پۈتكۈل دىن ئىلىم ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىنسانىي تەرەققىياتقا ئورۇن بوشاتتى. شۇڭا بىز گەرچە دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىۋاتقان بولساقمۇ، بىراق، ‹زىيان تارتقۇچى› بولۇشتىن ئەنسىرمەيمىز. چۈنكى، بىزگە ھېچقانداق زىيان يوق!».

* * *

شەرئەت زەنجىرسىمان ھالقا بولۇپ، ئەگەر ئۇ يىمىرىلسە، ھەممە نەرسىنىڭ ھالقىسى بىر-بىرىدىن ئاجراپ كېتىدۇ.

ئۆزگىرىش تەبىئىي بولمىدى.... بەلكى، ئۇنىڭ ئازراقى ئاپتوماتىك ھالەتتە، كۆپرەكى ھۆكۈمران خرىستىئان كۈچلىرى تەرىپىدىن پىلانلانغان، يول كۆرسىتىلگەن ۋە زورلاپ پەيدا قىلىنغان ھالەتتە بولدى. خرىستىئانلارنىڭ قولتۇقى ئاستىغا كىرىۋالغان، ئۇلارنىڭ رامكىسى ئىچىدە خىزمەت قىلىدىغان يەھۇدىيلار ئۇلارغا ھەمكارلاشتى. بىراق، بۇ ئۆزگىرىش مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ غەربتىن ھەيران قىلىشىدەك ئىچكى تۈيغۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كېلىپ چىققان ياكى يەھۇدىي-خرىستىئانلار تەرىپىدىن پىلانلانغان، يول كۆرسىتىلگەن ۋە زورلاپ پەيدا قىلىنغان بولسۇن، ئۇممەت - باياۋاندا - بۇ ئۆزگىرىشنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلدى.

ھاياتلىق ساھەلىرى ئىچىدە ئۆزگىرىش دولقۇنلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھېچبىر ساھە قالمىدى....

ئىقتىسادىي ھايات ئۆزگەردى...

جازانە رەسمىي ۋە ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئىنسانلار ھاياتىغا كىرىپ كەلدى. ئىسلام دۈشمەنلىرى كىشىلەرنى ئېزىقتۇرۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دەيتتى: «سىلەر بۈگۈنكىدەك تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلىۋاتقان دەۋردە زامانىۋىي ھاياتقا ئاشۇ قاتمال، ئۆلۈك دىنى چۈشەنچىلىرىڭلار بىلەن قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىسىلەر؟ سىلەر ھاياتنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىپتىدائىي ھالىتىدە قاتۇرۇپ قويماقچىمۇ؟!

يېڭى دەۋر ئىقتىسادىنى جازانىسىز ئىدارە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.... زادى مۇمكىن ئەمەس! خوجايىنلارغا قەرز بېرىپ تۇرىدىغان بانكىلار بولۇشى كېرەك. بانكىلارنىڭ خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، بانكىلار جازانىسىز خىزمەت قىلمايدۇ. چۈنكى، بانكىلار خوجايىنلارغا قەرز بېرىدىغان پۇللىرىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.... ئۇنداقتا، سىلەر جازانىنى ھارام دەيدىغان شەرىئەتڭلارنى قانۇن قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟.... بانكىلار قەرز بېرىشتىن توختايدۇ، پۇل بولمىسا خوجايىنلار ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرەلمەيدۇ، مىللەت ئارقىغا چېكىنىدۇ، باشقىلار ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىدۇ. دېمەك، جازانە زۆرۈر دېگەن گەپ، زۆرۈرىيەت چەكلىمىنى بۇزۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ، شۇڭا سىلەرمۇ شەرىئىتىڭلارنى قەلبىڭلاردا ساقلىساڭلار بولىدۇ. ئەمما، رېئاللىقىڭلارنى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ يېتەكلىشىگە تاپشۇرۇڭلار، يا بولمىسا قالاق ھالىتىڭلاردا تۇرىۋېرىڭلار، ياۋروپالىقلار ھەممە ساھەدە سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئۆتۈپ

كەتسۇن!....»

ئۇممەت ـ باياۋاندا ـ بۇ گەپلەرنى دەرھال قوبۇل قىلدى ھەمدە رېئاللىققا ناھايىتى تېزلا ماسلىشىپ كەتتى.

ئۇممەت ئېيتىلغان گەپلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ باقىدىغان ئاڭ ۋە پاراسەتنى؛ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى، تەسەۋۋۇرى ۋە ئەقىدىسىدىن كەلگەن ئۆزگىچە خاس ئىجادچانلىق روھىنى؛ الله ئىنسانىيەتنىڭ خاتالىق ۋە ئازغۇنلىقلىرىنى تۈزىتىدىغان يېتەكچى ۋە باشلامچى بولۇش ئۈچۈن ياراتقان يۈكسەك مەرتىۋىسى بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغان ئىمانى ئۈستۈنلۈكىنى يوقاتقان ئىدى.

{وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً}

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق ①».

شۇنداق، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بانكىلىرى بار!

غەربىدىكى بانكا يەھۇدىيچە ئىدىيىنىڭ مەھسۇلى ۋە يەھۇدىلارنىڭ ئىجادىيىتى....

ياۋروپادا سانائەت ئىنقىلاۋى مەيدانغا كەلگەن چاغدا ياۋروپالىقلار ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادقا جىددى مۇھتاج ئىدى. بىراق، فېئودالىستلار ۋە جازانىخور يەھۇدىيلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ قولىدا مەبلەغ يوق ئىدى. سانائەت ھەرىكىتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشتە فېئودالىستلار تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئارقىدا قالدى.

---

① سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.

جــازانىخور يەھــۇدىيلار بولــسا ئالــدىغا ئۆتــۈپ كەتتــى.
يەھۇدىيلار مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش پائالىيىتىنىڭ دەسلەپكى
ئىــشتىراكچىلىرى بولالىغــانلىقىنى ئۈچــۈن خۇشــاللىقتىن
ئۇلارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. چۈنكى، يەھـۇدىيلار
پـۇللىرىنى جـازانە يـولى بىــلەن كەڭ كۆلەملىــك تـارقىتىش
ئۈچۈن «ئالتۇندەك پۇرسەت»كە ئېرىـشكەن ئىـدى. سانائەت
ئىنقىلاۋى مەيـدانىغا كەلـگەن دەسلەپكى چاغلاردا كـۆپلىگەن
كىــشىلەر زاۋۇتــلار ئىــشلەپچىقارغان مەھــسۇلاتلارنى ئىــستېمال
قىلىــشقا قىزىقمىغــانلىقى، يــول راۋان بولمىغــانلىقى، قاتنــاش
ۋاســتىلىرى تولــۇق بولمىغــانلىقى، مەھــسۇلاتلار ھەققىــدىكى
ئــېلانلار يېتەرلىـــك بولمىغـــانلىقى، ئۇنـــىڭ ئۈســـتىگە
كارخانىچىلارنىڭ كەلگۈسىگە قارىتا پىلانلىرىمۇ يـوق ھېساپتا
بولغــانلىقى ئۈچــۈن كارخانىچىلارنــىڭ كــۆپ قىــسمى زىيــان
تارتقــان ئىــدى. شــۇنداق بولغاچقــا جــازانىخور يەھــۇدىيلار
سانائەت كارخانىلىرىغا قوللىرىـدىكى مەبـلەغ بىـلەن پايچىـك
(ھەسسىدار) سۈپىتىدە قاتناشماستىن، بەلكـى، جـازانە يـولى
بىلەن قەرز بەرگەن ئىدى. بۇ خىـل ئەھۋالـدا قەرزدار مەيلـى
پايدا تاپسۇن ياكى زىيان تارتـسۇن قەرز بەرگـۈچى زىيانـدىن
خــاتىرجەم ئىــدى. چــۈنكى، ئــۇ قەرزداردىـــن قەرز بەرگەن
پــۇلنى ئۇنـــىڭ ئۆســۈمى بىـــلەن قوشــۇپ قــايتۇرۇۋالاتتى.
ئەمەلىيەتــتە يەھــۇدىيلار كارخانىچىلارغــا قەرز بەرگەن پۇلنــىڭ
ھەممىسى يەھۇدىيلارنىڭ شەخسى مۈلكى بولماستىن، بەلكى،
باشقىلارنىڭ ئامانىتى ئىدى. چۈنكى، ياۋروپالىقلار خىلـدىن
بىرى مـال-مۈلكىنى يەھۇدىيلارنـىڭ قېشىدا ئامـانەت قويـۇپ
ئادەتلەنگەن ئىـدى.... شـۇنداق قىلىـپ يەھـۇدىيلاردا بانكـا
ئىدىيىــسى پەيــدا بولــدى. بانكــا ئامــانەت قويغۇچىلارنـــىڭ
ئامانىتىنى ئېلىپ، قەرز ئالغۇچىلارغـا قەرزگە بېرىـدۇ. بۇنـىڭ

بەدىلىگە قەرزداردىن مەلۇم نىسبەتتە ئۆسۈم ئالىدۇ ۋە ئۆسۈمنىڭ بىر قىسمىنى ئامانەت قويغۇچىغا بېرىپ، قالغىنىنى ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سالىدۇ. بۇ «ساپ پايدا» دەل اللە چەكلىگەن هارام مال بولۇپ، بۇ هەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ:

{الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبا لا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ الَّذِي يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا إِنَّمَا الْبَيْعُ مِثْلُ الرِّبا وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبا فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانْتَهَى فَلَهُ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُ إِلَى اللَّهِ وَمَنْ عَادَ فَأُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ يَمْحَقُ اللَّهُ الرِّبا وَيُرْبِي الصَّدَقَاتِ وَاللَّهُ لا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ}

«جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللە هارام قىلغان ئىشنى هالال بىلىپ: «سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا هارام بولىدۇ؟)» دېدى. اللە سودا ـ سېتىقنى هالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) هارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىهەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى اللەغا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى اللە خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەهلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. اللە جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. اللە هەربىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى هالال سانىغۇچى) گۇناهكارنى دوست تۇتمايدۇ①».

«يېڭى دەۋر ئىقتىسادى جازانىسىز يۈرۈشمەيدۇ» دېگەن

① سۈرە بەقەرە: 275ـ 276ـ ئايەتلەر

بــۇ گەپ يەھۇدىيلارنىــڭ ئويدۇرمىــسى بولــۇپ، باشــقا مىللەتلەرنىڭ ھاياتىغا سىياسەت، ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، ئىــدىيە ۋە ئاخبــارات جەھەتــتە ھۆكۈمرانلىــق قىلىۋاتقــان ۋە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇلارنى ئىشەك قىلىپ مىنىۋاتقــان يەھــۇدىيلار ئىقتىــساد دۇنياســىدىكى ھۆكۈمرانلىــق ئورنىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ يالغان گەپنــى توقــۇپ چىقــاردى ۋە ئــۇنى كەڭــرى تارقــاتتى. ۋەھالەنكى، غەربنىــڭ دانىــشمەنلىرى جازانە ئېلىــپ كەلــگەن بەختــسىزلىكلەرنى ئــۆز كــۆزى كــۆرۈپ، ئــۇنى باشــقا بىــر پرىنسىپقا ئالماشتۇرۇش ھەققىدە ئويلانماقتا.

بىــراق، ئــۇممەت ـ باياۋانــدا ـ «غەربمــۇ خاتالىشــشى مۇمكىن» دېگەننــى خىيالىغــا كەلتۈرۈپ باقمىــدى. چۈنكى، ئۇممەتنىــڭ ئىگــىدا خاتالاشــقۇچى ھەر دائىــم غەرب ئەمەس، بەلكــى، غەرب بىــلەن قارشىلاشــقۇچى ئىــدى. شــۇڭا قارشىلاشقۇچى «رىبائاللىق» بىلەن ياكى «دۇنياۋى ئومۇمى پىكىر» بىلەن ياكى «زامانىۋى ھاياتنىڭ تەلەپلىرى» بىلەن ياكى قانــداقتۇ بىــر «نــاملار» بىــلەن ماسلىــشىش ئۈچــۈن ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى توغرىلىشى لازىم ئىدى.

بىــر قىــسىم «پەتىــۋاچى»لار پەيــدا بولــدى. ئــۇلار «ئــادەتتىكى» جــازانىنى.... يەنــى «پوچتــا پــۇل ئامــانىتى» جازانىــسىنى ھــالال دەپ دەپ پەتىــۋا بېرىــشتى. ئــۇلارنىڭچە ھارام قىلىنغىنى جازانىنىڭ ئەسلىسى بولماستىن، بەلكى، بىر قانچە ھەسسە كۆپەيتىلگەن ئۆسۈمىمش.... يەنە بىــر قىــسىم «پەتىۋاچى»لار پەيدا بولــدى. ئــۇلار دۆلەت تارقاتقــان زايــوم جازانىسىنى ھالال دەپ پەتىۋا بېرىشتى. ئۇلارنىڭچە شەخسكە ئۆيغۇن كەلگەن ھۆكۈم دۆلەتــكە ئۇيغــۇن كەلمەســىمش ياكى

شەخسكە تەدبىقلانغان هۆكۈمنى دۆلەتكە تەدبىقلىغىلى بولماسمىش... يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار ـ باياۋاندا ـ «خەلق» مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان ئىقتىسادى تەرەققىيات ئۈچۈن ئۇممەتنىڭ هاياتىدىن شەرىئەتتىن يىراقلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلدى.

* * *

ئىجتىمائى هايات ئۆزگەردى....

ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى پارچىلاندى....

«چوڭ ئائىلە» ئاتالمىش «زىيالىيلار» تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىدىغان مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.

چۈنكى، ئۇلار غەربلىكلەرنىڭ هاياتى هەققىدە يېزىلغان ماتېرىياللاردا مۇنۇلارنى ئوقۇغان ئىدى: «بوۋىلارنى، نەۋرىلەرنى ۋە ئاتا-بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ ئائىلە هەر دائىم قالاق جەمئىيەت دەپ قارىلىدىغان يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەمما، تەرەققى قىلىۋاتقان جەمئىيەت دەپ قارىلىدىغان سانائەت جەمئىيىتىدە بۇنداق چوڭ ئائىلە ئاللىقاچان يوقالدى. ئائىلە پەقەت ئاتا-ئانا ۋە بالىلار بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولدى. هەتتا، بالىلارمۇ مەلۇم ياشقا يەتكەندە، گەرچە ئۇلار توي قىلىپ مۇستەقىل ئائىلە تەشكىل قىلمىسىمۇ، بىراق، ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، هاياتتا ئۆزىگە خاس بولغان پائالىيەت رامكىسىنى (ياكى هەرىكەت شەكلىنى) قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىكى هالقىلىق مەسىلە بالىلار ئاتا-ئانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنى ئۆزى خالىغانچە مۇستەقىل ئىشلىتىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇشتۇر.

ياشىسۇن تەرەققىيات!

مۇبادا بىز «شەرقچە» ھېسسىياتىمىز بىلەن مەدەنىي تەرەققىياتنىڭ بۇ چوڭ «دورا»سىنى يۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولساق، ئۇنداقتا، (باشقا ئىشلارنى قويۇپ) بوۋىلار بىلەن نەۋرىلەرنى ئائىلە دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىش بىلەن بولدى قىلايلى. ئائىلە ئاتا-ئانا ۋە بالىلاردىن تەركىب تاپسۇن. بالىلارمۇ مەلۇم ياشقا يەتكەندە توي قىلىپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئائىلىسىنى قۇرسۇن. بۇنداق كېلەڭسىز چوڭ ئائىلىنى قالاق يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى دەپ قارىلىدىغان سەھرالىقلارغا تاشلاپ بېرەيلى. ئۇلارنىڭ پات يېقىندا تەرەققى قىلىپ، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەمما، دىنى تەلىماتلارنى مەنبە قىلغان ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. چۈنكى، بۈگۈنكى دەۋردە دىنىي يولىۇرۇق مەنبەسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىقتىسادى مۇناسىۋەت زامانىۋى ھاياتنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى. (ئۇلار ئۆزىنىڭ زامانىۋىلقنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى بىلەن پەخرلىنىپ شۇنداق دېيىشىدۇ). ئىقتىسادى مۇناسىۋەت كىشلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. ئەگەر دىنى تەلىماتلار بۇ خىل قاراشلار بىلەن تىركىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنداقتا، دىنى تەلىماتلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك. چۈنكى، ئۇ باشقا بىر مۇھىتتىكى باشقا بىر قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان. بىزنىڭ بۇ تەرەققى قىلىۋاتقان دۇنيايىمىزدا ئەمدى دىنى تەلىماتلارغا ئورۇن يوق....»

شۇنداق قىلىپ كىشلەرنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى پاچاقلاپ تاشلاندى...

مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسى باللار ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بىر كىچىك «جەمئىيەت» بولۇپ، بۇ جەمئىيەتتە باللار چوڭلار بىلەن باغلىنىدۇ. باللارنىڭ ئەجدادلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدۇ. قىممەت قاراش، ئەخلاق، ئەنئەنە، دوستلۇق، مېھىر-مۇھەببەت، روھىي ۋە ھېس-تۇيغۇ خاتىرجەملىكى.... قاتارلىقلارنى باللار ئائىلىدىن تاپىدۇ ياكى ئۆگىنىدۇ. بۇ گۈزەل خىسلەت ۋە ئىنسانى پەزىلەتلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى دىندۇر.

{وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجاً لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآياتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ}

«ئاياللار بىلەن ئۇنىسى-ئۈلپەت ئىلىشىشلار ئۈچۈن (اللەنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار①».

{وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاهُمَا فَلا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلاً كَرِيماً وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيراً}

«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن

---

① سۈرە رۇم: 21- ئايەت.

يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن①».

بىراق، ئەھۋال ئۆزگەردى....

كىشىلەرنى ئائىلىنىڭ سىرتىغا تارتىدىغان ھەر تۈرلۈك ئامىللار پەيدا بولدى....

قەھۋەخانىلار پەيدا بولدى... كىشىلەر يېرىم كېچىغىچە قەھۋەخانىلاردا قارت، شاھمات ۋە شىشخال ئوينايدىغان ياكى چىلىم تارتىپ تۈننى تاڭغا ئۇلايدىغان بولۇشتى ياكى بۇرۇنقىدەك ئاخشاملىرى بىر-بىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۆز-ئارا يوقلىشىدىغانىنىڭ ئورنىدا ھەر خىل تېمىلاردا قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدىغان بولۇشتى.

قانداقلا بولمىسۇن، قەھۋەخانىلارغا كېلىدىغانلار بىر قەدەر «پاك» كىشىلەر بولۇپ، ناپاك كىشىلەرنى ئائىلىنىڭ سىرتىغا تارتىدىغان ئامىللارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

قاۋاقخانا ۋە مەيخانىلار پەيدا بولدى.... خىرىستىئان ئىشغالىيەتچىلىرى شەرىئەتنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ھاراق سېتىشنى يولغا قويدى ۋە كىشىلەر كىرىپ بىمالال ھاراق ئىچەلەيدىغان ھاراقخانا، قاۋاقخانا، مەيخانا ۋە ھاراق بوتكىلىرىنى پەيدا قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشكى ئالدىغا «مېھمانلارغا روھى ئىچىملىكلەرنى تەقدىم قىلىمىز» دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكىلارنى ئېسىۋېلىشتى. بۇ يەردىكى «روھى ئىچىملىك» (Spiritual) ئىسپىرتلىق

---

① سۈرە ئىسرا: 23- 24- ئايەتلەر.

ئىچىملىكلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، كىشىلەرنى ئالداش ۋە ئېزىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تىياتىرخانا، تانسخانا، ئارامگاھ ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى كۆپلەپ پەيدا بولدى....

پاھىشىخانىلار پەيدا بولدى.... بۇ دۆلەتنىڭ.... يەنى مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ.... ئىجازىتى بىلەن رەسمى ئېچىلدى. پاھىشەلەرنى ۋە پاھىشەلەرگە ھەمرا بولۇپ كەلگەن ھەر قانداق بۇزۇق ئەر-ئاياللارنى قوغدايدىغان ساقچىلار پاھىشىخانىلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قاراۋۇللۇققا قويۇلدى.

«تالادا» قونۇپ قېلىش ئۇممەت باياۋاندا پەيدا قىلغان «يېڭى جەمئىيەت»نىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇ جەمئىيەت ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ ۋە يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئەۋلادلار ئىلگىرىكى ئەۋلادلار ئېرىشكەن ئاتىنىڭ ھىمايىسى، ھېس-تۇيغۇ بىرلىكى ۋە كۆڭۈل ئارامى....غا ئېرىشىشنى خالىمايدۇ.

ئاياللارنىڭ ئائىلە سىرتىغا چىقىدىغان دەۋرى يېتىپ كەلدى.

«ئاياللار ئازاتلىقى» مەسىلىسى پەيدا بولدى.

دېمىسىمۇ، ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن ياخشى ئەمەس ئىدى.

ئاياللار نادان ئىدى. ئۇلار خەت ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلمەيتتى. بىلىم ئۆگەنمەيتى... ئۇلارنىڭ قەلبى ۋەھىمە ۋە خوراپات بىلەن قاپلانغان ئىدى. ئۇلار ئۆز ئەتراپىدا، ئۆز جەمئىيىتىدە ۋە پۈتكۈل دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ۋە يۈز

بىرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ خوشنا ئايال بىلەن مازايى-ماشايىخلار، كىمدۇ بىرىنىڭ ئۆزگە ھەسەد قىلىدىغانلىقى، تۈگىمەس ئائىلە ئىشى، كېچىدىكى جىن-شاياتۇنلار، بالىلار گىرىپتار بولغان ئاغرىق - سىلاق، شەيخ پۈتۈپ بەرگەن تۇمار، ئېرى باشقا ئاياللارغا بۇزۇلۇپ تالاق قىلىۋەتكەن ئايال، يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتقان كۈندەشلىك، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان قېرى ئايال.... ھەققىدە مۇڭدىشاتتى.

ئاياللار مەيلى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولسۇن ياكى ئېرىنىڭ ئۆيىدە بولسۇن ياكى تالاق قىلىنىپ بالىلىرىدىن مەھرۇم قالغان بولسۇن ئۇنىڭ كىشلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىناتتى.

ئەرلەر ئاياللارغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارايتتى. ئۇلارنى گويا بىر چارپايدەك كۆرەتتى. چارپايدەك كۆرمىدى دېگەنىدىمۇ، ئۇلارنىڭ ھامىلدار بولۇش، بالا تۇغۇش، ئېمىتىش ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق رولى يوق ئىدى.

بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئىسلام تەلىماتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىشلار ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئەگىشىشتىن ئەمەس، بەلكى، ئىنسانىيەتكە باراۋەرلىكنى بەلگىلىگەن ۋە ئەرلەرگە ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان ئىسلام تەلىماتلىرىغا قارشى چىقىشتىن كېلىپ چىققان ئىدى.

{فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ}

«ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى:

«مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن①».

{مَنْ عَمِلَ صَالِحاً مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ}

«ئەر - ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيانىڭ قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز②».

{وَمَنْ يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلا يُظْلَمُونَ نَقِيراً}

«ئەر - ئايالLاردىن مۇئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)③».

{وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ فَإِنْ كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئاً وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْراً كَثِيراً}

«ئۇلار (يەنى ئاياللار) بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن④».

---

① سۈرە ئال ئىمران: 195 - ئايەت.

② سۈرە نەھل: 97 - ئايەت.

③ سۈرە نىسا: 124 - ئايەت.

④ سۈرە نىسا: 19 - ئايەت.

{وَإِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ سَرِّحُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ وَلَا تُمْسِكُوهُنَّ ضِرَاراً لِتَعْتَدُوا}

«سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ، (ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا) تۇتۇڭلار، ياكى ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار①».

«خيركم خيركم لأهله، وأنا خيركم لأهلي»

(سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقىڭلار ئۆز ئائىلىسىگە نىسبەتەن ياخشى بولغانلىرىڭلاردۇر، مەن ئائىلەمگە نىسبەتەن سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقىڭلاردۇر مەن ②).

«لا تنكح الثيب حتى تستأمر، ولا تنكح البكر حتى تستأذن، وإذنها صمتها»

(جۇۋاندىن مەسلىھەت ئېلىنماي، قىزدىن رۇخسەت سورالماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ياتلىق قىلىشقا بولمايدۇ. قىزنىڭ ئىجازىتى ئۇنىڭ سۈكۈتىدۇر③).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئايال - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إنما النساء شقائق الرجال» (ھەقىقەتەن ئاياللار ئەرلەرنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر④» دەپ ئېنىق ئېيتقىنىدەك - ئەرنىڭ قېرىندىشى ئىدى. ئايال ئىماندا، دەۋەتتە، جىھادتا، ئىسلامي قىممەت ۋە ئىسلامي پرىنسىپ ئاساسىدا يېڭى جەمئىيەت قۇرۇشتا ئەر بىلەن ئورتاق ئىدى. بۇ خىل ئورتاقلىق پەقەت ئاشۇ قىممەت ۋە پرىنسىپلارنى ئەمەلگە

① سۈرە بەقەرە: 231- ئايەت.
② تىرمىزى رىۋايەت قىلغان سەھى ھەدىس.
③ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.
④ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخلاقى پاكلىق، بۇلغىنىشتىن خالى بولغان پاكىزلىق، ئىپپەتلىك بولۇش، ھارامدىن ساقلىنىش، ھىجاب بىلەن ئورۇنۇش، اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىنى چىڭ تۇتۇش ئىچىدە ئىپلىپ بېرىلاتتى. اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى يات ئەر-ئاياللارنىڭ خىلۋەت جايدا يالغۇز ئۇچرىشىشىنى ۋە زۆرۈرىيەتسىز ئارىلىشىشىنى چەكلەيتتى. ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىنى ۋە ئىبلىسنىڭ بىر ئوقى بولغان تىكىلىپ قاراشنى چەكلەيتتى.

بىراق، ئىسلام جەمئىيىتى ئايالغا نىسبەتەن جاھىلىيەتكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان، يەنى ئايالغا قۇرتقا قارىغاندەك قارايدىغان، ھامىلدار بولۇپ، تۇغۇشتىن باشقىغا يارىمايدۇ دەپ كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ چاغدا ئەھۋال رەببانى، يېڭىلىقپەرۋەر، مۇجاھىد ئالىمغا ھەقىقەتەن مۇھتاج ئىدى. بۇ ئالىم جەمئىيەتنى ئاياللار مەسىلىسىدە ۋە باشقا ھەر قانداق مەسىلىدە ھەقىقى ئىسلام دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. بىراق، ئۇممەت-باياۋاندا- باشقا بىر ئۇسۇلنى قوللاندى....

ئۇممەت قوللانغان ئۇسۇل غەربلەشتۈرۈش يولى بويىچە «ئاياللارنى ئازات قىلىش» بولدى.

بىز ئاياللار ئازاتلىقى مەسىلىسى ۋە ئۇممەت باشتىن-ئاخىرى بېسىپ ئۆتكەن قەدەملەر ھەققىدە «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»ناملىق كىتاۋىمىزدا سۆزلەپ بولغان ئىشلارنى بۇ يەردە قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. بەلكى، بىز ئۇممەت «يول»دىن چەتنەپ كىرىپ قالغان باياۋاننىڭ سۈرىتى ھەققىدە سۆزلەيمىز....

ئايال ئۆيىدىن چىقتى.... ئايالنى ئۆيىدىن چىقىرىش يەھۇدى-خرىستىئانلارنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ تۈپ نىشانلىرىدىن بىرى بولغىنىدەك، ئەرنى ئېزىقتۇرۇپ، ئۇنى «تالادا» قونۇپ قالىدىغان قىلىشمۇ ئوخشاشلا دۈشمەنلىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ نىشانلىرىدىن بىرى ئىدى. بىراق، بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، پەقەت ئۇزۇن يولدىكى بىر قەدەم ئىدى خالاس.

ئايال ئۆيىنى تاشلىغان چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆيگە مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق قىممەت قاراش ۋە چۈشەنچىلەرنى تاشلىدى. ھەتتا اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغان دىنىنىڭ تۈپ ئاساسىنىمۇ تاشلىدى. ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان، ئۆزگەرتىش زېمىنىدا بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىدىغان ئاساسى پرىنسىپلارنى ئۆزگەرتتى....

ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەردى....

ئايال ھىجابىنى تاشلاپ، ئۇنىڭدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ۋەھالەنكى، ئۇ اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغان دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئايال تەدرىجى ھالدا ئۆز جىسمىنى يالىڭاچلىدى. ئاخىرى دېڭىز ساھىللىرىدىكى يېرىم يالىڭاچلىق پەيدا بولدى. ۋەھالەنكى، بۇ اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشلار ئىدى.

ئايال سىرتقا چىقىپ، خالىغان ئەزالىرىنى يالىڭاچلاش ھوقۇقىنى ئۆزىگە بەرگەن چاغدا ئېزىش ۋە ئازدۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.... ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە باشلانماسلىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز - مۇنازىرە

نۇقتىسىدىن - دەسلەپتە ئايالنىڭ سىرتقا چىقىشتىكى مەقستى ئەرلەرنى ئازدۇرۇش ئەمەس ئىدى دېسەكمۇ، بىراق، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ئايال سىرتقا چىققان هامان پىتنە ئەر-ئاياللارنىڭ قەلبىگە كىرىدىغان ئەڭ ئاسان يولنى تاپتى.... مانا ئايال ئەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارا بولدى. ئۇ ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان زىبۇ زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭمۇ دىققىتى قوزغالدى. ئايال بۇنى بىلىپ تۇرۇپ قىلدى. قىلىپ تۇرۇپ چىن كۆڭلىدىن مەمنۇن بولدى.... تەدرىجى هالدا ئەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش نىشانغا ئايلاندى. يېڭى-يېڭى پاسۇنلارنى ۋە خىلمۇ-خىل مۇدىلارنى ئىجاد قىلىدىغان ئورۇنلار پەيدا بولدى. هەر تۈرلۈك گىرىم بويۇملىرى، گىرىمخانا ۋە پەردازخانىلار مەيدانغا كەلدى. گېزىتنىڭ باش بېتىدە «ئاياللار ئىستونى» ۋە «ئاياللار سەهىپىسى» ئېچىلىپ، ئۇنىڭدا سۈرەت، خەۋەر، كۆرسەتمە ۋە ئىلاۋىلەر بىلەن: «پالانى كىيىم كۆكرەكنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرىدۇ، پالانى كىيىم بەدەننىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىدۇ، قاندىق قىلغاندا ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىڭىزگە تارتالايسىز؟ قانداق قىلغاندا ئەرنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ئېرىشەلەيسىز؟ قانداق قىلغاندا.....» دېگەندەك بۇزۇش خاراكتېرىدىكى ئېلان ۋە يوليۇرۇقلار كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلىندى.

ئېزىش ۋە ئازدۇرۇش نىشانغا ئايلانغان چاغدا، ئىشلارنىڭ نەزىرىيە ۋە ئاغزاكى تەشۋىقات هالىتىدە ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟.... ياق! ئۇنداق بولمايدۇ، بەلكى، خەتەر يۈز بېرىدۇ....

خەتەر راستىنلا يۈز بەردى....

جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئۆرپ-ئادەتلىرىگە، ئەنئەنىلىرىگە، مىراسلىرىغا، قىممەت قاراش، پرىنسىپ ۋە ئەخلاقىغا قارشى كۆرەش باشلاندى.

دۇمباقچى ۋە سۇنايچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ بۇزۇقچىلىقلارنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەيدىغان ئەنئەنە ۋە مىراسلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. دىن بەلگىلىگەن چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە چۇقان سالدى.

جەمئىيەت يىمىرىلدى، ئۇ چەكلىمىلەرگە چەكلىمىسىز ئىشلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان، توسۇقلارغا ئىنكار كۆزى بىلەن قارايدىغان بولدى.

ئەمدىكى مەسىلە «كىشىلەر قانداق قىلىپ دىن چەكلىگەن ئىشلارنى بىمالال قىلىشقا جۈرئەت قىلدى؟» بولماستىن، بەلكى، «دىن نېمىشقا بىزنىڭ نورمال قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى چەكلەيدۇ؟» بولۇپ قالدى.

فروئىدنىڭ نەزىرىيە ۋە تەلىماتلىرى - مەقسەتلىك ھالدا- تارقىتىلدى. مەخسۇس گېزىت ۋە ژورناللار ئۇنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلدى: «چەكلىمىنىڭ مەنبەسى مەيلى دىن ياكى جەمئىيەت ياكى ئەخلاق بولسۇن ئۇ ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ. روھىي مۇرەككەپلىكنى، پىسخىكا نورمالسىزلىقىنى ۋە نېرۋىنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.... شۇڭا روھىي ئاراملىققا ئېرىشىش ئۈچۈن چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك!».

ئوغۇللار ۋە قىزلار - باياۋان زۇلمەتلىرىدە - ئۆزلىرىنى تارىختىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈردۇق دەپ ئويلاپ قېلىشتى.

* * *

ئۆينىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟....

مەسجىدنىڭ ئەھۋالىچۇ؟....

ئايال ھەقىقى خاتىرجەملىك ۋە ئاراملىقنى پەقەت - مەيلى خىزمەت ئۈچۈن بولسۇن ياكى ئويۇن-تاماشا ئۈچۈن بولسۇن ياكى ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن بولسۇن - كوچىغا چىقىش مەقسىتىدە تاشلاپ كەتكەن ئۆيىدىنلا تاپالايتتى. چۈنكى، بۇ خاتىرجەملىك ۋە ئاراملىق اللەنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىر مۆجىزە ئىدى.

{وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجاً لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا}

«ئاياللار بىلەن ئۇنىسى-ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (اللەنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر①» .

بالىلارنى جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولغان قىممەت قاراش، پرىنسىپ، ئىدىيە ۋە ئەقىدىلەر بىلەن تەربىيىلەپ چىقىش ھەمدە بالىلارغا كېرەكلىك بولغان كۆڭۈل بۆلۈش ئائىلىدىن باشقا جايدا قانداقمۇ مۇكەممەل ئىشقا ئاشسۇن؟!....

ئائىلىنى ۋەيران قىلىش يەھۇدىيلار باشقا مىللەتلەرنىڭ ھاياتىنى بۇزۇپ، ئاخىرقى ھېساپتا ئۇلارنى ئېشەك قىلىپ مىنىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان رەزىل پىلان ئىدى. ياۋروپادا ئايال جان بېقىش ئۈچۈن ئىشلەمەكچى بولۇپ ئۆيىدىن سىرتقا چىققان چاغدا، يەھۇدىيلار كۆز ئالدىدىلا ياخشى بىر

---

① سۈرە رۇم: 21- ئايەت.

پۈرسەتنىڭ تۈرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ پۈرسەتتىن ناھايىتى ئوبدان پايدىلاندى. يەنى ئايالنى ئائىلىدىن نەپرەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئائىلىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن «ئاياللار ئازادلىقى» مەسىلىسىنى بازارغا سالدى. گەرچە ئىسلام جەمئىيىتى بەزى تەرەپلەردە خاتالاشقان بولسىمۇ، بىراق، «ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى»نى ساقلاپ قالغان ئىدى.... بۇ دەل دۇنيا يەھۇدىيلىرىنىڭ پۈتكۈل يەر شارىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھاياتىنى خاراپ قىلىش پىلانى، خرىستىئانلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە زېمىندا ئۆزىنىڭ بىرمۇ دۈشمىنىنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئىسلام جەمئىيىتىنى خاراپ قىلىش پىلانى يولىدىكى داۋان ئىدى.

ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مەقستى ئەمەلگە ئاشتى، ئۇلارنىڭ تەلۋە ئورۇندالدى....

ئىسلامى مەنادىكى «ئائىلە» ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى يوقاتتى. باللارغا ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە تەربىيىلەيدىغان، باللاردا ئىسلامى قىممەت ۋە ئىسلامى تەسەۋۋۇرنى بىخلاندۇرىدىغان «باغچا» ۋەيران بولدى.... دۈشمەنلەر ئىسلامنىڭ يېگىدىن قوزغىلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان كۈچلۈك بىر ئاساسىنى يىقىتقانلىقىدىن خۇشاللىنىپ قولىرىنى ئۇۋۇلاشتى.... چۈنكى، بۆگۈن نە ئەردىن، نە ئايالدىن، نە باللاردىن ئەنسىرگۈدەك خەتەر قالمىغان ئىدى....

مەسجىد تاشلىۋېتىلدى....

مەسجىد تارىختىن بىرى مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى ئاقارتىش مەركىزى بولۇپ كەلگەن ئىدى.....

مەسجىد پۈتكۈل ياخشىلىقلارنىڭ سىمۋولى ئىدى....

مەسجىدتە ئاللاھ ئەسلىنەتتى، نامازلار ئادا قىلىناتتى، مەسجىدتە كىشىلەر ئىلىم ئۆگىنەتتى، ئىسلامى قىممەت بويىچە تەربىيە ئالاتتى، جىھاد مەسجىدتىن ئېتىلىپ چىقاتتى، ئىشلار مەسجىدتە قارار قىلىناتتى.

ئۆي بالىلارنىڭ باغچىسى بولسا، مەسجىد چوڭلارنىڭ باغچىسى ئىدى. بۇ ئىككى مۇئەسسە پۈختا ئاساس بويىچە بىنا قۇرۇپ چىقىشتا ئورتاق ھەمكارلىشاتتى. ئىسلامى مەنادىكى «ئۆي» يىقىلدى، مەسجىد تاشلىۋېتىلدى... كىشىلەرنى ئىسلام تەربىيىسى بويىچە تەربىيىلەيدىغان باغچىلار ۋەيران بولدى...

مۇسۇلمانلار مەسجىدنى قانچىلىك تاشلاپ كەتكەن بولسا، كىنوخانا، تىياتىرخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە «ئارامگاھ»لار ئادەملەرگە شۇنچە لىق تولدى.

دۈشمەن كىشىلەرنى: «كېرەك يوق، سىلەر ﴿لا إلــه إلا الله﴾ دەپ شاھادەت ئېيتقان ئىكەنسىلەر، ئۇنداقتا، سىلەر شەكسىز مۇسۇلمانسىلەر» دەپ ئېزىقتۇردى.

* * *

ئۇممەتتىكى باياۋان بۇ چەكتە توختاپ قالمىدى....

بەلكى، ئىدىيە دۇنياسىدا باياۋان تېخىمۇ يىراققا كېڭەيدى....

ئاتالمىش «زىيالىيلار»نىڭ كاللىسى غەرب ئىدىيە ئاساسىدا ئېچىلدى. ئاندىن ئۇلار بۇ خىل ئىدىيىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدى. غەرب ئىدىيىسى چىقىش نۇقتا قىلىنغان ئەسەرلەرنى زىيالىيلارنىڭ بەزىلىرى ـ راستچىللىراقلىرى ـ

ئەسلى ئاپتورىنىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلدى. بەزىلىرى - يالغانچىلىرى - ئۆز نامى بىلەن ئېلان قىلىپ، يالغاندىن پەخىرلىنىشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپى يالغانچىلار....

غەرب ئىدىيىسىدە... ئىنسان، ئىنسانىنىڭ مەۋجۇت بولۇش غايىسى، شەخسىنىڭ شەخس بىلەن، شەخسىنىڭ جەمئىيەت بىلەن، دۆلەت بىلەن، ئىنسان بىلەن، تەبىئەت بىلەن ۋە ئىنسانىنىڭ اللە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى... مۇھاكىمىدىن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك بىر قىسىم مەسىلىلەر مەۋجۇت.

غەرب ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ بۇزۇلغان تەرىپى ئۇنىڭ ئىنسان بىلەن اللە ھەققىدىكى بىمەنە سەپسەتىلىرى بولۇپ، بۇ ئىدىيىدە ئەمەلىيەت يۈزدە يۈز ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلدى. ئىنسان ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ، اللەنىڭ ئىلاھلىقى ئىنكار قىلىندى.

بىز مۇشۇ مەسىلىدە ياۋروپانىڭ بۇنداق ئېغىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەپلەر ھەققىدە «ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئىسلامى نۇقتىدىن كۆزىتىش①» ناملىق ئەسىرىمىزدە تەپسىلى سۆزلەپ بولغاچقا، بۇ يەردە قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. بەلكى، بىز - بۇ سەھىپىلەردە - ئاتالمىش «ئىسلام ئىدىيىسى»نىڭ بارلىق ئېغىپ كېتىشلىرىدە غەرب ئىدىيىسىگە ئەگەشكەنلىكىنى، ئىنسان ۋە اللە مەسىلىسىدە ئۇنى غەربنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىغا ئەگىشىشتىن ھېچنەرسىنىڭ توسۇپ قالمىغانلىقىنى، بۇ مەسىلىنىڭ بىر قانچە ساھەگە چېتىلىدىغانلىقىنى سۆزلەيمىز.

---

① رؤية إسلامية لأحوال العالم المعاصر

ئاشۇ ساھەلەرنىڭ بىرى ـ ئەڭ دەسلەپكىسى ـ قانۇن چىقىرىش مەسىلىسى.....

قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى كىمگە مەنسۇپ؟ ئاللاھقا مەنسۇپمۇ ياكى ئىنسانغىمۇ؟

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ يالغۇز بىر ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بەلگىلەيدۇ.

{أَلا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ}

«يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر①».

{إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ}

«ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ②».

{وَاللَّهُ يَحْكُمُ لا مُعَقِّبَ لِحُكْمِهِ وَهُوَ سَرِيعُ الْحِسَابِ}

«ئاللاھ (خالىغانچە) ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدۇ. ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر③».

{أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْماً لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ}

«ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھدىنمۇ ئادىل كىم بار؟④».

{وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِنْ شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ}

«سىلەر (دىن ئۇستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق

---

① سۈرە ئەئراف: 54 ـ ئايەت.

② سۈرە يۇسۇف: 40 ـ ئايەت.

③ سۈرە رەئد: 41 ـ ئايەت.

④ سۈرە مائىدە: 50 ـ ئايەت.

نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا اللە ھۆكۈم چىقىرىدۇ ①».

ياۋروپا نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە قانۇن چىقىرىش ئىشلىرىدىن اللەنى يىراقلاشتۇرۇپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئىنسانغا تاپشۇردى.

ئۇممەت باياۋاندا تېڭىرقىماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى: «ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىق نىزامى بىلەن ئالاقىسى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاكىم ئەمەس، بەلكى، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان قازى ئىدى. خىلاپەت ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى ئەمەس» دېيىشەتتى.

ئۇممەت باياۋاندا تېڭىرقىماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى: «ئۇزاق ئەسىرلەر ئىلگىرى نازىل قىلىنغان شەرىئەت بۈگۈنكى تەرەققى قىلىۋاتقان دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا قانۇن بولۇشقا يارىمايدۇ، شەرىئەت نازىل قىلىنغان چاغدىكى دۇنيا بىلەن ھازىرقى دۇنيا ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار» دېيىشەتتى.

ئۇممەت باياۋاندا تېڭىرقىماقتا ئىدى، يەنە بىرلىرى: «ئىسلام دېگەن دىكتاتورىلىق تۈزۈم، ئۇ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇ ‹زامانىۋىلاشقان› دۆلەتلەردىكىدەك ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ‹خەلق› قە ئېتىبار بەرمەيدۇ» دېيىشەتتى.

ئۇممەتكە ياۋروپادىن اللەنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە ھالال-ھارام قىلىش ھوقۇقى ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىش «كېسىلى» يۇققاندەك، اللەنىڭ قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەم-

---

① سۈرە شۇرا: 10- ئايەت.

ئەنـدىزىلەرنى بەلگىـلەش ھوقـۇقى ھەققىـدە بەس-مۇنـازىرە قىلىش كېرەكلىكىنى يۇقتى.

ئىنسان ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قىممەت قاراشـنى كىم بەلگىلەيدۇ؟ اللەمۇ ياكى ئىنسانمۇ؟

ئىـسلام شـۇنى ئوچـۇق بەلگىلەيـدۇكى، الـلە يـاراتقۇچى، پىلانلىغـۇچى ۋە رىزىـق بەرگـۈچى بولغـانلىقى ئۈچـۈن قـانۇن چىقىــرىش ھوقــۇقى اللەغــا مەنــسۇپ بولغانــدەك قىمــمەت قاراشلارنى بەلگىلەش ھوقۇقىمۇ اللەغا مەنسۇپ.

{أَلا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ}

«يـارىتىش ۋە ئەمـر قىلىــش (يەنــى كائىنـاتنى تەسـەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر①» .

{هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ}

«اللەدىن باشقا سىلەرگە ئاسـماندىن ۋە زېمىنـدىن رىزىـق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟②» .

ياۋروپا اللەنىڭ ئىلاھىيلىقىغا قارشى چىقتى ھەمـدە ئۇنىـڭ ئورنىدا ئىنساننى ئىلاھلاشتۇردى. «ئىنسان قىممەت قارىشىنى ئـۆزى بەلگىلەيـدۇ، چـۈنكى، ئـۇ ئۆزىنىــڭ رېئـاللىقىنى ۋە مەنپەئەتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ» دەپ جاكارلىدى.

ياۋروپــالىق ئەدىــبلەردىن بىــرى: Man Stands Alone «ئىنسان مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» (يەنـى ئىنـسان اللەنىڭ كۆرسـەتمىلىرىدىن يىـراق ھالـدا مۇسـتەقىل مەۋجـۇت بولـۇپ تۇرىــدۇ)؛ Man Makes Himself «ئىنــسان ئـۆزىنى ئۆزى يارىتىدۇ» (يەنى ئىنسان اللەنىڭ تەلىماتلىرىدىن يىراق

---

① سۈرە ئەئراف: 54- ئايەت

② سۈرە فاتىر: 3- ئايەت.

هالـدا ئۆزىنىـڭ هايـات قارىـشىنى ئـۆزى شـەكىللەندۈرىدۇ) نامىلىق ئەسەرنى يازدى.

ياۋروپانىـڭ ياۋروپـالىقلارنى اللەغا بـۇ دەرىجىـدە قارشـى تۇرۇشـقا ئۈنـدىگەن ئـۆزىگە خـاس شـارائىتى بولـۇپ، بـۇ شـارائىتنى لوگىكىلىـق قـانۇنىيەت نۇقتىـسىدىن ئىزاهلاشـقا بولىـدۇ، ئەممـا، ئاقلاشـقا بولمايـدۇ. چـۈنكى، اللەغـا كـاپىر بولۇشنى ئاقلىغىلى بولىدىغان هېچنەرسە يوق.

بىــراق، ئــۇممەت باياۋانـــدا مەســـىلىنىڭ مـــاهىيىتىنى بايقىيالمـدى. بەلكـى، ئىنـسانىنىڭ قىمـمەت قارىـشىنى ئـۆزى شەكىللەندۈرۈشى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئۆزى بەلگىلىـشى «تەرەققىيات»نىڭ ئىپادىسى دەپ ئويلاپ قالدى... (ئۇلارنىڭ غەرىبــكە بولغــان قــايىللىق تۇيغۇســى كۈنــسىرى كۈچىيـــپ كەتتى. ئۇلار يەنە شۇنداق دەپ بىلجىرلىماقتا ئىدى): «الـلە ئىنسانغا تەپەككۇر قىلىـدىغان ئەقىلنـى بەرمىـدىمۇ؟ ئىنسان ئىلىم ۋە تەجرىبىنىڭ نەتىجىلىرىـدىن پايـدىلىنىپ، ئەقلىنـى ئۆزىنىـڭ هايـات پرىنـسىپىنى تۈزۈشـكە ئىشلەتـسۇن! قايـسى ئىنـــسان شـــۇنداق قىلالايـــدۇ؟... ئەنە ئاشـــۇ كۈچلـــۈك، قۇدرەتلىــك، تەپەككــۇرى چوڭقــۇر، پۈتكــۈل يەر شــارىغا هۆكۈمرانلىـــق قىلىۋاتقـــان، بىـــز ئۈنـــىڭ كەينىـــدىن سـوكۇلداۋاتقان، هەممىنـى سـۇر-توقـاي قىلىـپ كېلىۋاتقـان غەربلىك «ئىنسان» شۇنداق قىلالايدۇ.....»

ئــۇممەت - باياۋانـــدا - بـــۇ مەســـىلىنىڭ بۇزۇلغـــان تەرەپلىرىنى بايقىيالمىدى.

ئۇممەت ئالدى بىلەن الـلە ئىنـسانغا ئىنئـام قىلغـان ۋە ئـۇ ئارقىلىق ئىنساننى كۆپلىگەن مەخلۇقاتلاردىن ئـارتۇق قىلغـان ئىنسانى ئەقىلنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى بايقىيالمىدى.

{وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلاً}

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق①».

ئەقىلنىڭ خىزمەت دائىرىسىدىكى تۈنجى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسى اللەنىڭ بىرلىكىنى ۋە يېگانىلىقىنى بىلىش. ئاندىن كېيىن بىر اللەغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىش. چۈنكى، ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىدۇر (يەنى ھەر قانداق ئىنسان قانداقتۇر بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىدىغان تەبىئەتكە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان).... ئىنسان تەبىئىتىگە يات ھالدا ئويدۇرۇپ چىقىلغان، ئاخىرقى ئەسىردە يەر شارىنىڭ شەيتانلىرى راۋاجلاندۇرغان ئاتېئىزىم دولقۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، ئاتېئىزىمنىڭ ھامىيسى بولغان كوممۇنىزم يىمىرىلىۋېدى، ئۇمۇ ئاللىقاچان ئۆزلىكىدىن تۈگەشتى. ئاندىن ئىنسانلار ـ توغرا يول تاپقان ۋە تاپالمىغانلار ـ گويا ئەزەلدىن ئاتېئىزىمچى بولۇپ باقمىغاندەك مەسجىد، چىركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلارغا قاراپ سەلدەك ئاقتى.

ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىدۇر.... ئەمما، بىر ئىبادەت قىلغۇچى بىلەن يەنە بىر ئىبادەت قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، بىرى ھەقىقى اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ، اللەغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.

---

① سۈرە ئىسرا: 70 ـ ئايەت.

يەنە بىرى باشقا ئىلاھلارنى اللەغا شېرىك قىلىپ ياكى اللەنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ اللەنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىدۇ. اللەنى ئۆز ماھىيىتىنىڭ ئەكسىچە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. اللەغا ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىبادەت قىلىدۇ.

{أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ}

«(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن①».

اللە ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەقلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى {أَإِلَهٌ مَعَ اللَّهِ؟} «اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ-يوق؟②» دېگەن ئاساسلىق مەسىلىدە ئىزدىنىش. چۈنكى، بۇ خىل ئىزدىنىش ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ئاخىرەتتىكى ئاقىۋەت شۇكى، ئىزدىنىشنىڭ توغرا ياكى خاتا نەتىجىسى ئىزدەنگۈچىنىڭ جەننەت ياكى دەۋزەختە مەڭگۈ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەمما، دۇنيادىكى ئاقىۋەتكە كەلسەك، ئىزدىنىش ئىزدەنگۈچىنىڭ كاللىسىغا: «ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك مەئبۇد كىم؟، ھالال ۋە ھارام قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قانۇن تۈزگۈچى كىم؟، ھاياتنىڭ پرىنسىپىنى بەلگىلەيدىغان قارار قىلغۇچى كىم؟، ھاياتتىكى چوڭ مەسىلىلەردە مۇراجىئەت مەنبەسى نېمە؟» دېگەن سوئاللارنى تاشلايدۇ. ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەچكەن بۇ سوئاللار ئېنىق بىر جاۋاپقا مۇھتاج. ئەگەر ئىنسان: «قەيەردىن كەلدۇق؟، قەيەرگە بارىمىز؟، نېمە ئۈچۈن كەلدۇق؟، قانداق ياشايمىز؟، ئۆلگەندىن كېيىن

---

① سۈرە جاسىيە: 23- ئايەت.

② سۈرە نەمل: 60- ئايەت.

بىزنى نېمە كۈتىدۇ؟، قايسى مەقسەتتە ياشايمىز؟، قايسى خىل پرىنسىپنى ئاساس قىلىپ ياشايمىز؟» دېگەن سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابىغا ئېرىشەلمىسە، ئۇنداقتا ئۇ بەختسىز بولىدۇ ۋە گاڭگىرايدۇ.

ئەگەر ئىنسان بۇ سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابىنى تاپالمىسا، ئۇنداقتا، ئۇ ھازىرقى زامان جاھىلىيەت شائىرى ئىلىيا ئەبۇ مازىغا ئوخشاش زالالەت كوچىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.

كەلدىم، بىراق، قەيەردىن كەلگىنىمنى بىلمەيمەن،
ماڭدىم، يولدا قەدىمىم نېچۈن تۇرار بىلمەيمەن.
مەيلى خالاي خالىماي، مېڭىش ئۈچۈن مەجبۇرمەن،
قانداق كەلدىم دۇنياغا، بۇنى ھەرگىز بىلمەيمەن!...

شائىر ماھىيەتتە ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ زالالەت كوچىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈپ، ئىزتىراب چېكىۋاتقان ھالىتىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، جاھىلىيەت جەمئىيىتى گەرچە «ئىلىم»غا ئىگە بولسىمۇ، بىراق، ئىنسان تەبىئىتىگە يۈزلەنگەن بۇ سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابىنى تاپالمىغانلىقتىن قاپقاراڭغۇ زۇلمەتلەر ئىچىگە چۈشۈپ قالدى.

{يَعْلَمُونَ ظَاهِراً مِنَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ}

«ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر①».

ئەگەر ئىنسانى ئەقىل دۇنيادا ئىنساننىڭ ھايات پرىنسىپىنى، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان

① سۈرە رۇم: 7- ئايەت.

مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆپلىگەن مۇھىم ۋەزىپىلەر ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ:

1) ماددىي كائىناتنى تونۇش، زېمىننى ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىۋى بويىچە گۈللەندۈرۈشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن ماددىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇش. بۇلار مەيلى نەزىرىيە بولسۇن ياكى تەجرىبە بولسۇن تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدۇر.

2) ئىنساننىڭ ياشاشتىكى مەقسىتىنى بىلىش ۋە ھاياتنى ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىۋى بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىلاھى ۋەھيىنى تونۇش. بۇلار فىقھى، قۇرئان ئىلىملىرى، ھەدىس ئىلىملىرى ۋە ئۇلارنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەرئەت پەنلىرى ساھەسىدۇر.

3) ھاياتتا ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر①نىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەي، ئاشۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ تەلىۋىگە ماس ھالدا ھاياتلىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىنسانى ھاياتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى تونۇش. مانا بۇ ئىجتىمائى پەن ساھەسىدۇر.

4) تارىخ جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىدەك ئەمەلىيەتتىن بۆگۈن ۋە ئەتىنىڭ «خەرىتىسى»نى تېپىش ئۈچۈن ئىنسانىيەت تارىخىنى تونۇش. مانا بۇلار تارىخ ئىلمى ياكى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق ئىلىم ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە

① ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى «تەبىئى قانۇنىيەتلەر ياكى مۇقەررەرلىك» دەپ ئاتايدۇ.

ئاخىرەتلىك ھاياتىدا ئۇنىڭغا پايدا ئېلىپ كېلىدۇ.

مانا بۇ غەيبى دۇنياغا ۋە رېئال دۇنياغا ئىشىنىشتىن كېلىپ چىققان ھەقىقى «ئاقارتىش» دۇر. ئۇنىڭدا ئەقىل ئىلاھى ھىدايەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە خىزمەت قىلىدۇ. يولدىن چەتنىمەيدۇ ۋە ئازمايدۇ.

بىراق، ئۇممەت ـ باياۋاندا ـ بۇنى بايقىيالمىدى.... ياۋروپادا غەرب پرىنسىپى بويىچە «ئاقارتىش» ئېلىپ بېرىشنىڭ پەقەت شۇ ياۋروپاغىلا خاس بولغان يەرلىك سەۋەپلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، كېيىن بۇ خىل ئاقارتىشتىن ياۋروپانىڭ جىنايەتكە غەرق بولۇشىدەك سەلبى نەتىجىلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى ئۇممەت ئاڭلىق تۈردە بايقىيالمىدى.

غەرب «ئەقلىچىلىكى» ياۋروپالىقلار ئۆزىنىڭ تارىخىدا ئۇنى «زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرلەر» دەپ ئاتىغان، ئەمەلىيەتتىمۇ ھەقىقەتەن زۇلمەتلىك بولغان ئون ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت چىركاۋنىڭ ئەقىلگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى بوغۇپ قويۇشىنىڭ ئەكس تەسىرى سۈپىتىدە كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ ياۋروپالىقلار چىركاۋنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىش جەريانىدا تەسەۋۋۇر قىلغاندەك «دىن»نىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس. ئەگەر دىن سەۋەپچى دېيىش توغرا كەلسە، ياۋروپالىقلار قوبۇل قىلغان، ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ساختىلىقلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەقىلگە بېسىم ئىشلىتىشنى قارار قىلىپ، كىشلەرگە: «ئىشىنىڭلار، بىراق، مۇنازىرە قىلماڭلار!» دەپ ئۇقتۇرغان ئاشۇ ساختا چىركاۋ دىنى سەۋەپچى.

ياۋروپا مۇسۇلمانلار بىلەن سۈركىلىش نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ «تەپەككۇر قىلىدىغانلىقى»نى، ئۇلارنىڭ مىڭلىغان كىتابلارنى توشقۇزغۇدەك تەپەككۇر نەتىجىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھىمۇ «تەپەككۇر دەرۋازىسى»نى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن چىركاۋ ئۇلارغا ئازغۇن، بىدئەتچى دەپ تۆھمەت چاپلىدى. چىركاۋنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئىنكاسى پۈتكۈل دىنىنى چۆرۈپ تاشلاش، دىنىنىڭ ئورنىدا ئەقىلنى ئىشلىتىش، «مېتافىزىكا خوراپاتلىقى» دەپ قارىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى يىقىتىش بولدى. ھەتتا، ئەقىلنىڭ بىلىش دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلار بولسۇن ياكى كىرمەيدىغان ئىشلار بولسۇن، ئەقىلگە تايىنىپ تاللاش ئىنسانغا نىسبەتەن توغرا بولىدىغان ئىشلار بولسۇن ياكى خاتا بولىدىغان ئىشلار بولسۇن ھەر قانداق ئىشتا ئەقىلنىڭ كۆرسەتمىسىگە تايىنىشنى ئاساس قىلدى.

ياۋروپا مۇسۇلمانلاردىن ئىلمى تەتقىقاتتىكى تەجرىبە پرىنسىپىنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئىلىم ساھەسىدە شەكسىز «ئاقاردى» ۋە چىركاۋلار كىشىلەرگە دىن نامى بىلەن تاڭغان چىركاۋنىڭ ئاتالمىش «ئىلمىي» خوراپاتلىقنى چۆرۈپ تاشلىدى. بىراق، ياۋروپا دىنىنىڭ تېكىستلىرىنى ئەمەس، بەلكى، ئىنساننىڭ بايانىنى ئاساس قىلىدىغان «ئىنسانى پەنلەر» دەپ ئاتىۋالغان ئىلىملەردە قاتتىق ئازدى. ئاخىرقى ھېساپتا، ئازغۇنلۇق ياۋروپانىڭ ئىنساننىڭ ھايۋان ۋە ماددا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىنى، يۈكسەك قىممەت قاراشلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەتتا، ياۋروپانى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ كېتىدىغان، كۈچلۈكنىڭ يوللۇق ياكى يولسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاجىزلانى بىر چەتكە

قايرىپ قويىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى دەپسەندە قىلىدىغان «ئورمان قانۇنى»نى يولغا قويۇشقا ئېلىپ باردى.... بۆگۈن خەلقئارالىق مەيدانلاردا يۈز بېرىۋاتقان ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇق، زۇلۇم ۋە ئۇنىڭدىن باشقا «ئاقارغان» غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىئاراملىق، ساراڭلىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، ھاراقكەشلىك، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇش ۋە جىنايەتنىڭ يامراپ كېتىشى.... قاتارلىقلار دەل ئاشۇ «ئازغۇنلۇق»نىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

«مېتافىزىكا» ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئۇلارنى ھەقىقەتتىن ۋە يەر شارى رېئاللىقىدا خىزمەت قىلىشتىن قايتۇرۇدىغان ئازغۇنلۇق ئىدى. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ «غەيبى» بولغانلىقىدىن ئەمەس، - چۈنكى، غەيب دېگەن ھەقىقەت - بەلكى، چېركاۋنىڭ ئىلاھىيەت ئىدىيىسى ئۇنى ئۆزىنىڭ بويىقى بىلەن بوياپ، ئۇنىمۇ خۇددى بارلىق دىنلارنى بۇزغاندەك بۇزۇپ تاشلىغانلىقىدىندۇر. توغرا ئاقارتىش بىرلا ۋاقىتتا غەيبى دۇنيا بىلەن رېئال دۇنياغا پاراسەت بىلەن ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا تونۇش مۇكەممەللىشىدۇ، «ئىنسان» تەڭپۇڭلىشىدۇ. ئەمما، رېئال دۇنيانى غەيبى دۇنيانىڭ ئورنىغا، ئەقىلنى دىنىنىڭ ئورنىغا، دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەشنى ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىشنىڭ ئورنىغا قويۇۋالىدىغان «ئاقارتىش» دەسلەپكى «زۇلمەت»دىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. چۈنكى، دەسلەپكى زۇلمەتنىڭ جىنايىتى شۇكى، ئۇ بىرىنچى قېتىمدا ئىنساننىڭ ماددىۋى تەرىپىنى ئىنكار قىلىپ، روھى تەرىپىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئاندىن غەيبى دۇنيانى رېئال دۇنيانىڭ ئورنىغا، دىنىنى ئەقىلنىڭ ئورنىغا، ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىشنى

دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ئورنىغا قويۇۋالدى. مانا ئەمدى «ئاقارتىش» ناملىق يەنە بىر زۇلمەت كەلدى. ئۇ ئىنساننىڭ ئىلگىرى سەل قارالغان ماددىۋى تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىلگىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن روھى تەرىپىگە سەل قارىدى. ئاندىن ئۇ ئىلگىرى ئۆزى قەرزدار تۇرۇپ ئەيىبلىگەن جىنايەتنىڭ ئۆزىنى سادىر قىلدى (يەنى زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپا ئەقلىنىڭ رولىغا پۈتۈنلەي سەل قارىغان بولسا، مانا ئەمدى ئەكسىچە ئەقلىنىڭ رولىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ گەۋدىلەندۈردى. ئەمەلىيەتتە ئەقلىنىڭ رولىغا سەل قاراشمۇ، چەكتىن ئاشۇرۇۋۈپ گەۋدىلەندۈرۈشمۇ خاتا بولۇپ، ئەقىلنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقىمۇ، ئۇنى روھنىڭ ئورنىغا قويۇۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، ياۋروپالىقلار) «ئىنسان»نىڭ مەۋجۇدىيىتىگە قارىتا ھەر ئىككى خىل ھالەتتە يالغاننى توقۇدى.

ئۇممەتنىڭ ئەقىدىسىنى كېسەللەر ۋە ئىغىپ كېتىشلەر قاپلىۋالغانلىقى، ئۇممەتنىڭ ھەرىكەت يوللىرى كۆنسىرى «لا إله إلا الله»نىڭ تەلەپلىرىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دۇنيا ئەللىرىدىكى ھايات دۇغلاشتى ۋە چىرىپ كەتتى.

بۇ خىل ئەھۋالدا ئىش ئۇممەتنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش ۋە ئۇنى يېڭىدىن پەرۋاز قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇممەتكە ئۇنىڭ جانلىقلىقىنى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان كىشىگە تولىمۇ مۇھتاج.... يەنى رەببانى، يېڭىلىقپەرۋەر، جىھاد قىلغۇچى ئالىمغا مۇھتاج. بۇ ئالىم ئىرجائى ئىدىيىسى، سوپىزم ئىدىيىسى، تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىق.... نىڭ تەسىرلىرىنى تۈگىتىدۇ.

ئەقىدىگە چاپلاشقان خوراپات، يۆلىنىۋېلىش، سەلبىيلىك، كارامەتلەرگە كۆز تىكىش... نى يوقىتىش ئارقىلىق غەيبكە ئىشىنىش ئەقىدىسىگە ئۇنىڭ جانلىقلىقىنى، سۈزۈكلىكىنى ۋە ئىجابىيلىقىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. شۇنداقلا، رېئال دۇنيادىكى هورۇنلۇق، بوشاڭلىق ۋە سەۋەبلەرنى قوللانماسلىق.... ئىللەتلىرىنى تۈگىتىپ، رېئال دۇنيا بىلەن بولغان مۇئامىلىگىمۇ ئوخشاشلا سۈزۈكلۈك، جانلىقلىق ۋە ئىجابىيلىقىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. نەتىجىدە ئۇممەت قايتىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مۇكەممەل، تەڭپۇڭ، باراۋەر هالەتتە پەرۋاز قىلىدۇ. تارىختىكى يەر شارىنىڭ هەر قايسى تەرەپلىرىگە تەۋهىد ئەقىدىسىنى تارقىتىش ۋە تەڭداشسىز ئىلمىي هەرىكەت بىلەن مەدەنىيەت هەرىكىتىنى قۇرۇپ چىقىشتەك ئاجايىپ ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن هالىتىگە قايتىدۇ.

بىراق، ئۇممەت - باياۋاندا - غەربنىڭ بۇزۇلغان «ئۆلگە»لىرىگە ئەگەشتى. ئۇنىڭدىكى بۇزۇلۇشنى هېس قىلالمىدى. ئۇممەت يەنە ياۋروپانى ئاشۇ خىل بۇزۇلۇشقا گىرىپتار قىلغىنى ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن دىنى ۋە دىن نامى بىلەن زوراۋانلىق قىلغان چىركاۋى ئىكەنلىكىنى، ياۋروپانىڭ يولدىن ئېغىپ كەتكەن چاغدا، مۇساپىسىنى توغرىلىۋېلىش ئۈچۈن ئاساسلىنىدىغان توغرا بىر دىنغا ئىگە بولالمىغانلىقىنى هېس قىلالمىدى.

* * *

ئۇممەت ئەقىدىسىنى يوقاتقاچقا، هۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ قويدى. شۇڭا ئۇلار: «فرانسىيىنىڭ مىسىرغا قىلغان هۇجۇمى مىسىرغا ۋە مىسىر ئەتراپىدىكى

رايونلارغا نسبەتەن ياخشىلىق دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان «ئاچقۇچ»، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنى قورشىۋالغان قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە «ئاقارتىش» ۋە «ھەرىكەت» نى مەيدانغا كەلتۈرگەن «گۈللىنىش» نى قوزغىغۇچى ئامىل بولغان» دېيىشتى.

توغرا، فرانسىيىنىڭ مىسىرغا قىلغان ھۇجۇمى ھەقىقەتەن مىسىرنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى ۋە ئۇنى ھەرىكەتلەندۈردى. بىراق، مىسىرنى «ئاقارتتى» دېگەن گەپ بىر ئاز مۇھاكىمىگە مۇھتاج!.

ئەگەر بىر كىشى يولدا ئۇخلاۋاتقان بولسا، ئۇنى ماشىنا بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى زەخىملەندۈرۈپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭ بوينىنى قايرىپ، بېشىنى پەقەت بىرلا تەرەپكە مىدىرلىتالايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇنداقتا، بۇ كىشى ھەققىدە نېمە دېيىش كېرەك؟!

ماشىنىنىڭ ئۇنى ئويغاتقانلىقى ۋە ئۇنى ئۇرنىدىن قوزغىۋەتكەنلىكى ئېنىق ئىش. ئەمما، ماشىنىنىڭ ئۇنى ئاقارتقانلىقى، يېتەكلىگەنلىكى ۋە توغرا يولغا باشلىغانلىقى دەلىل-ئىسپاتقا مۇھتاج!

خرىستىئانلار ئىسلام دۇنياسىدا ئىستانبۇل ۋە قاھىرەدىن ئىبارەت ئىككى مەركەزنى يوقۇتۇشنى نۇقتىلىق نىشان قىلدى. چۈنكى، ئىستانبۇل خەلىپىلىكنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچ مەركىزى بولغان بولسا، قاھىرە ئىسلام دۇنياسىنىڭ روھى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاقارتىش مەركىزى ئىدى. بۇ خىل ئاقارتىش ئەزھەردىن، ئەزھەردىكى دىنى ئىلىملەردىن ۋە ئەرەب تىلىغا- يەنى قۇرئاننىڭ

تىلىغا ـ بولغان ئەھمىيەت بېرىشتىن كېلىپ چىقاتتى.

خرىستىئانلار بۇ ئىككى مەركەزنى نۇقتىلىق نىشان قىلىپ، ئالدى بىلەن شۇ جايدىكى ئىسلام ئاساسلىرىنى يوقۇتۇشنى پىلانلىدى. چۈنكى، بۇ ئىككى مەركەزدىكى ئىسلام ئاساسلىرى يوقۇتۇلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىسلام ئاساسلىرىنى يوقۇتۇش دۈشمەن ئۈچۈن ئاسانغا توختايدۇ. مىسىرغا نىسبەتەن ناپولېئون بوناپارت رەھبەرلىكىدىكى فرانسىيە ھۇجۇمى روھى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاقارتىش مەركىزىدىن ئىسلامنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنغان ئەھلى ـ سەلب ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

ھۇجۇمنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرى، كۆندىلىك تەشۋىقات ۋەرەقەلىرىدە ئېلان قىلىنغان ناپولېئون بوناپارتنىڭ «ھەربى مەخپىيىتى» دەپ ئاتالغان «بۇيرۇق»لار شەكلىدىكى «ناپولېئون قانۇنى»نى تەدرىجى ھالدا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈش بولدى.

ھۇجۇمنىڭ ۋاستىلىرىدىن يەنە بىرى ـ فرانسىيىنىڭ مىسىرغا قىلغان ھۇجۇمنىڭ تارىخنى تەپسىلي يېزىپ چىققان يازغۇچى جەبەرتى ئېيتقاندەك ـ «جالاپلارنى ئىشقا سېلىش» بولدى. بۇ پەسكەش پاھىشەلەر كوچىلاردا يالىڭاچ دېگۈدەك مېڭىشاتتى. مۇسۇلمان ئاياللارنى «ئازات» بولۇشقا كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن ئۇلارنى مەسخىرە ۋە زاڭلىق قىلىشاتتى.

ھۇجۇمنىڭ ۋاستىلىرىدىن يەنە بىرى، پىرئەۋن ئاسار ئەتىقىلىرىنى قىدىرىپ چىقىش ئارقىلىق پىرئەۋنچىلىك خاھىشىنى قوزغاش، بۇ خىل خاھىشنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بولدى.

بىر قىسىم كىشىلەر دۈشمەننىڭ ئاسار ئەتىقە ياكى

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دېگەن نام بىلەن بۇددىزم دەۋرىنىڭ جەسەت، تۆمۈر-تەسەك ياكى كونا قاچا-قۇچىلىرىنى يەرنىڭ تېگىدىن قېزىپ چىقىشلىرىنى خاتالىققا ياتمايدىغان «ئىلمىي» مەسىلە دەپ قارىشىدۇ.

بىراق، بىر شەرقشۇناس Near East : Culture and Society «يېقىن شەرق: مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت①» ناملىق كىتابتا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا: «بىز كىرگەن ھەر قانداق ئىسلام ئېلىدە ئىسلامدىن بۇرۇنقى مەدەنىيەتلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن يەر ئاستىنى قازدۇق. بىز بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەقىدىلەرگە قايتىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز، بەلكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىسلام بىلەن ئاشۇ مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىش پەيدا بولسىلا، بىزنىڭ مۇددىئايىمىز ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ» دېدى.

پىرئەۋنچىلىك دېگەن نېمە؟

پىرئەۋنچىلىك گەرچە ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت جەھەتتىكى گۈللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، بىراق، ئاخىرقى ھېساپتا ئۇنىڭ اللەنىڭ كىتابىدىكى ئۆلچىمى ۋە سۈپىتى قانداق؟

ئۇ دېگەن جاھىلىيەت.... تارىختىكى توغرا يولدىن چەتنىگەن، ئىلاھىي ھىدايەتكە قارشى تۇرغان، اللەنىڭ غەزىپىگە لايىق بولغان بۇددىزم جاھىلىيەتلىرىنىڭ بىرى.

{أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ إِرَمَ ذَاتِ الْعِمَادِ الَّتِي لَمْ يُخْلَقْ مِثْلُهَا فِي الْبِلادِ وَثَمُودَ الَّذِينَ جَابُوا الصَّخْرَ بِالْوَادِ وَفِرْعَوْنَ ذِي الْأَوْتَادِ الَّذِينَ طَغَوْا فِي الْبِلادِ فَأَكْثَرُوا فِيهَا الْفَسَادَ فَصَبَّ عَلَيْهِمْ رَبُّكَ سَوْطَ عَذَابٍ ...}

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد - كۈچلۈك ئىرەم - نى قانداق

---

① T . Cuyler ت. كويلىر توپلاپ رەتلىگەن Near East : Culture and Society «يېقىن شەرق: مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت» ناملىق كىتابقا قاراڭ!. بۇ كىتاب ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، قاھىرەدە «مىڭ كىتاب» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان.

جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟. بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى. شۇنىڭدەك ۋادىقورادا تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا قىلغان) سەمۇدنى اللەغانداق جازالىدى. شۇنىڭدەك قوزۇقلار ئىگىسى پىرئەۋننى قانداق جازالىدى. ئۇلار شەھەرلەردە (زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشتى. ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى نازىل قىلدى①».

پىرئەۋنچىلىك دېگەن پىرئەۋنگە چوقۇنۇش ۋە اللەنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنۇشتۇر.

پىرئەۋنچىلىك جاھىلىيەت بولۇپ، مىسىرلىقلار تۇنجى قېتىم اللەنىڭ دىنىغا كىرگەن چاغدا اللە ئۇلارنى بۇ جاھىلىيەتتىن قۇتقۇزغان. كېيىن ئىسلام كېلىپ، مىسىرلىقلار ئومۇميۈزلۈك ئىسلامغا كىرگەن چاغدا اللە ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم بۇ جاھىلىيەتتىن پۈتۈنلەي قۇتقۇزغان.

ئەجىبا، اللە ئۇلارنى جاھىلىيەتتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ھاياتىدا يېڭىدىن ئۇنى قوزغاشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇنىڭ سەۋەبى - شەرقشۇناس ئېيتقاندەك - مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام يولىدىن تېيىلىپ كېتىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىسلام بىلەن ئاشۇ مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىش پەيدا قىلىش!».

فرانسىيىنىڭ مىسىرغا قىلغان ھۇجۇمى مىسىرنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇش، بەلكى، ئەرەبلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ (ئۇنى ياۋروپانىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇشنى) مەقسەت قىلغان «غەربلەشتۈرۈش» ياكى «خاراپلاشتۇرۇش» خىزمىتىنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئۇنداقتا، مىسىرغا فرانسىيىنىڭ ھۇجۇمى

① سۈرە فەجر: 6-13- ئايەتلەر.

ئارقىلىق كەلگەن گۈللىنىش قېنى؟!

ئۈيقۇدىن ئويغىتىشمۇ؟

شۇنداق!.... ھۇجۇم مىسىرنى ئۈيقۇدىن ئويغاتتى. بىراق، ئۇممەتنى تەدرىجى ھالدا مىراسىدىن، دىنىدىن، ئەخلاقىدىن، ئەنئەنىسىدىن ۋە ئىسلامى كىملىكىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆگە-ئۆگىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ ئۇممەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرستىشى ۋە ئۇممەتنىڭ ھالاكەت گىردابىدىكى غەربكە تېخىمۇ بەكرەك بېقىندى بولۇشى ئۈچۈن ئۇممەتنىڭ بوينىنى غەرب تەرەپكە قايرىپ قويدى.

ئەمما، ئۇممەتنى توغرا ئۇسۇل بىلەن سالامەت ئويغىتىش ئۈچۈن ئەھلى-سەلەپ ھۇجۇمىنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ ھەرىكىتى ئۇممەتنىڭ ئۈيقۇسىدىن ئويغىنىدىغانلىقىنىڭ ۋە توغرا يولغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ ھەقىقى بىشارىتى ئىدى.

شۇنداق!... ماشىنا ئۇخلاۋاتقان كىشىنى ئويقۇدىن ئويغاتتى. بىراق، ئۇنى يولدىن يىراق بىر باياۋانغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

* * *

غەربنىڭ توغرا يولدىن چەتنەش «كېسىلى» باياۋاندا تېڭىرقاۋاتقان ئۇممەتكە يۇقۇشقا باشلىغان چاغدا، ئۇممەتنىڭ ھاياتىدىكى «قىممەت قاراش» ئۆزگەردى. اللە بەلگىلىگەن - بىر قىسىم كىشلەر ئەمەل قىلىپ، بىر قىسىم كىشلەر ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان - ئىلاھي قىممەت ئۇممەتكە نىسبەتەن

قىممەت قاراش بولۇشتىن قالدى. بەلكى، ئۇنىڭ ئورنىنى «ئىنسان» پەيدا قىلغان قىممەت قاراش ئىگىلىدى.

الله ئەڭ بۈيۈك قىممەتنى ئىدىيە، ھېس-تۇيغۇ ۋە ھەرىكەت يوللىرى جەھەتتە ئىنساننى ئۇ يېتىپ بارالايدىغان ئەڭ يۇقىرى چەكتە يۈكسەلدۈرىدىغان بارلىق پەزىلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ مەنىدىكى «تەقۋادارلىق» دەپ كۆرسەتتى.

{إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ}

«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)①».

ئەمما، اللهنىڭ ئورنىدا ئۆزىنى ئىلاھ قىلىۋالغان «ئىنسان» مۇنداق دەپ جاكارلىدى: «ئەڭ بۈيۈك قىممەت كۈچ-قۇۋۋەتتۇر، ئاخىرەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىپ، ھاياتى دۇنيادا قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن ئىشلەشتۇر. پرىنسىپ ۋە ئەخلاقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھاياتى دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىشتۇر».

مۇشۇ «پرىنسىپ»قا ئاساسلىنىپ ياشىغانلار ئىنسانلار ھاياتىدا الله بەلگىلىگەن قىممەت قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىنسان ئۆزى ئورناتقان قىممەت قاراشلارغا ئەگىشىشتىن كېلىپ چىققان بۇزۇلۇش ۋە سەلبى تەسىرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

بىراق، ئۇممەت - باياۋاندا - ئىنسان ئورناتقان

---

① سۈرە ھوجۇرات: 13- ئايەت.

تۈزۈملەردىكى بۇزۇلۇش ۋە «چاتاق»نى ھەمدە ئىنسانلار ھاياتىدا ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان خەتەرلىك تەسىرلەرنى بايقىيالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇممەت - ئىلگىرىكى ئاجىز ھالىتىدە ۋە ئىدىيىۋى، سىياسىي، ھەربى، ئىقتىسادى ھۇجۇم ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەن ھالىتىدە - غەرب ماددى تەرەققىيات يولىدا قولغا كەلتۈرگەن كۈچ، چىدامچانلىق ۋە ئىرادىنى ئۆزىدىن تاپالمىدى. بەلكى، ئۇممەت غەربتىن ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقنى قوبۇل قىلدى. كۈچ-قوۋۋەت مەيدانىدا غەربكە قوشۇلۇشتىن ئاجىز كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تەقۋادارلىق ۋە كۈچ-قوۋۋەتنى بىراقلا يوقاتتى. نەتىجىدە ئۇممەت ئۆزگەرگەن، سەتلەشكەن غەلىتە بىر سۈرەتكە كىرىپ قالدى.

ئىلاھى ۋەھيىنىڭ ئورنىدا ئىنسانى خاھىش ئۇممەتنىڭ قىممەت قاراش مەنبەسىگە ئايلانغان چاغدا، ئۇممەت ھاياتىدىكى ئۆلچەم ۋە ئەندىزىلەر ئۆزگەردى. بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇنداق دېيىشتى: «پاكلىق پەزىلەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس. ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئارىلىشىشى، ئۆز-ئارا ‹دوست› بولۇشى ۋە ئۆز-ئارا دىنغا خىلاپ بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىشى ھەرگىزمۇ رەزىللىكنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس. ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشى ئەخلاقى چۈشكۈنلۈكنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. اللە تائالا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياكى قۇرئان ۋە ھەدىس توغرىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە خىلاپ ھالدا ھۆرمەتسىزلىككە ياتىدىغان بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىش قانداقتۇر كاپىرلىق ياكى ئىمانى ئاجىزلىقنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس. چۈنكى، ئۆلچەملەرنىڭ ھەممىسى نىسپى بولىدۇ. ھەرگىزمۇ مۇتلەق ياكى تۇراقلىق بولمايدۇ. ئۆتمۈشتە پەزىلەت دەپ قارالغان

ئىش بۆگۈنمۇ ئوخشاشلا پەزىلەت ھېساپلىنىۋەرمەيدۇ. ئۆتمۈشتە مەجبۇرىيەت سانالغان ئىش بۆگۈن خاتالىق بولۇپ قېلىشى، ئەكسىچە ئۆتمۈشتە خاتالىق دەپ قارالغان ئىش بۆگۈن مەجبۇرىيەت بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن....»!

* * *

ئۇممەت باياۋاندا تېڭىرقاپ يۈرۈپ، غەربنىڭ «تەرەققىيات» كېسىلىنى ئۆزىگە يوقتۇرۇۋالدى. بۇ «كېسەل» ھەممە نەرسىدىكى.... ھەتتا دىن، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشتىكى.... «ئىزچىللىق①» ئىدىيىسىنى بىكار قىلىدۇ.

سىز دارۋىننى بىلەمسىز؟ دارۋىن ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئوقۇپ باققانمۇ؟

دارۋىن مۇنداق دەيدۇ: «پۈتكۈل كائىنات تەرەققى قىلدى. تەرەققىيات ئۇ ھاياتنىڭ قانۇنى. ئىنسان تۇنجى قېتىم ھازىرقى ئىنسانى قىياپىتى بىلەن يارىتىلمىغان. بەلكى، ئۇ مايمۇندىن ئۆزگەرگەن. دەسلەپتە ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمىنى تۈكلەر قاپلاپ تۇراتتى. ئۇ تۆت پۇتلاپ ماڭاتتى.... مىليون يىللار جەريانىدا ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تۈكلەر چۈشتى. ئۇ ئىككى پۇتى بىلەن تىك تۇرۇپ ماڭىدىغان بولدى. ئۇنىڭ باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئەمەس، بەلكى، بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدىغان بولۇشى ئۇچۇن ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى تەرەققى قىلدى.... ئاندىن ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ، سۆزلەشنى ئۆگەندى، بىلىملىك

---

① «ئىزچىللىق» سۆزى ئەرەبچىدىكى «الثبات» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ «التطور والثبات» (تەرەققىيات ۋە ئىزچىللىق) ناملىق ئەسىرى بۇ ئاتالغۇنى تېخىمۇ ياخشى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. بۇ سۆز ھەر بىر شەيئىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقى ۋە تەرەققى قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنى «ئىزچىللىق، مۇقىملىق ۋە تۇراقلىق» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

بولدى....»

دارۋىنىزىم ئىدىيىسىنى، ئىلاھىي ئىرادە ئىنكار قىلىنغان ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇش ئىدىيىسىنى ۋە ھەممە نەرسىنى تەبىئەت ياراتقان، تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى چەكسىز، ئەمما، تەبىئەتنىڭ يارىتىشتا ھېچقانداق غايىسى يوق دەيدىغان تەبىئەتنى «ئىلاھلاشتۇرۇش» ئىدىيىسىنى مەخسۇس گېزىت ـ ژۇرناللار كەڭ ـ كۆلەملىك نەشر قىلىپ تارقاتتى.

ئۇممەت ـ باياۋاندا ـ «دارۋىنىزىم نەزەرىيىسى»نىڭ گەرچە «نەزەرىيە» ئاتالغان بولسىمۇ، بىراق، ماھىيەتتە بىر ئىلمى پەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئاڭلىق تۈردە بايقىيالمىدى. دارۋىنىزىم نەزەرىيىسى پەقەت بىر قۇرۇق نەزەرىيە بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىلمى ھەقىقەت ئەمەس. مەيلى دارۋىن بولسۇن ياكى باشقا ئەگەشكۈچىلەر بولسۇن ھېچقايسى ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇش مەسىلىسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ياۋروپادىكى تەبىئىي پەن ئالىملىرى «يەر شارى يۇمۇلاق» دېگەنلىكى ئۈچۈن چىركاۋ تەرىپىدىن تىرىك پېتى كۆيدۈرۈۋېتىلگەندىن بېرى، ئالىملارنىڭ چىركاۋغا بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى دارۋىننى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسىگە ـ ياكى ئىلمىي پەرەزلىرىگە ـ «ئاتېئىزىم تونى»نى كىيدۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئىلاھىي ئىرادىنىڭ يارىتىش ئەمەلىيىتىدىكى تەسىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، «يارىتىش»نى «تەبىئەت» ناملىق كۆزگە كۆرۈنمەس خوراپى نەرسىگە دۆڭگەپ قويىدىغان بۇ «ئاتېئىزىم تونى» گەرچە دارۋىن نەزەرىيىسىنىڭ زۆرۈر ئامىللىرىدىن سانالمىسىمۇ، بىراق، ئالىملار بىلەن چىركاۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ خىل دۈشمەنلىك مۇھىتى دارۋىننىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

مۇبادا ئالىملار بىلەن چىركاۋ ئوتتۇرىسىدا بۇ خىل دۈشمەنلىك بولمىغان بولسا، بەلكىم دارۋىن يارىتىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشنى اللەغا نىسبەت بېرىشمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، دارۋىن دوستلىرىنىڭ بىرىگە يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىلاھنىڭ مەۋجۇدلىقىغا ئىشىنىدىغان تۇرسام، ئۇلارنىڭ نېمىشقا ماڭا ‹ئاتېئىزىمچى› دەپ تۆھمەت چاپلايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمەن».

ئۇممەت يەر شارى شەيتانلىرىنىڭ بۇ نەزىرىيە ياكى ئىلمىي پەرەزنى پۈتكۈل دۇنيادا مۇئەييەن مەقسەتتە بۇ قەدەر كەڭ-كۆلەملىك تارقاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايقىيالمىدى. ۋەھالەنكى، بۇ شەيتانلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاقە كېلىشىمىدە (ياكى دىپلوماتىك ئالاقە ھۆججىتىدە①) ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز دارۋىن ۋە نىتزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى رەتلەپ چىقتۇق. بۇ ئىككىسىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىدىيىسىگە قاندق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىز ناھايىتى ياخشى بىلىمىز».

اللەنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنغان، ئىنسان ھايۋانى ئاساس بويىچە تەرەققى قىلغان ۋە يارىتىشنىڭ ھېچقانداق غايىسى بولمىغان ۋاقىتتا «ئىنسان ھايۋانات ئالىمىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئۆزگىچە مەخلۇق، ئۇنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغىنى ئاڭ، ئىرادە ۋە ئەركىنلىكتۇر. ئىنسان ھايۋانغا ئوخشاش بىرلا يولغا مەجبۇرلانغان بولماستىن، بەلكى، ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاش ۋە ئۇنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىپ

① ئەرەبچىدىكى «البروتوكولات» سۆزى «دۇنيا ئەرەب-ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدە»: «دىپلوماتىيە ۋەكىللىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مۇھىم ھۆكۈمەت ھۆججىتى ياكى ئىككى دۆلەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىي كېلىشىم» دەپ ئىزاھلانغان بولغاچقا، بۇ ئاتالغۇ « ئالاقە كېلىشىمى ياكى دىپلوماتىك ئالاقە ھۆججىتى» دەپ تەرجىمە قىلىندى.

يارىتىلغان» دېگەن ئىدىيىۋى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلارنىڭ نېمە رولى بولسۇن؟!

{وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا}

«روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ①».

* * *

ئۇممەتكە غەربتىن سەزگۇ ئەزالار② بىلەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ دائىرىسى ئىچىگە قامىلىپ قېلىش «كېسلى» يۇقتى. ئىلىم مەرىپەت ھېسسىي دائىرە ياكى ئەقلىي دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. بۇ خىل دائىرىنى ھېسسى تەجرىبە يەنى «ئەقلىي تەجرىبە» ئىسپاتلايدىغان بولۇپ، ئۇ غەيبى دۇنيانى ئىنكار قىلىدۇ. رېئال دۇنيادىكى ھېسسى تەجرىبە دائىرىسىگە كىرمىگەن ھەر قانداق نەرسىنىڭ رولىغا سەل قارايدۇ....

بۇ خىل «كېسەل»گە گىرىپتار بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر: جىن ۋە پەرىشتىلەر ئىنساندىكى يامان روھ بىلەن ياخشى روھنىڭ ئىنكاسى، جىن ۋە پەرىشتىلەر ماھىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس دەپ چۈشەندۈردى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ئارقىلىق دېڭىزنىڭ يېرىلىش مۆجىزىسىنى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىشىنىڭ تەسىرى دەپ

---

① سۈرە شەمس: 7-10- ئايەتلەر.

② سەزگۇ ئەزالار: «كۆز، قۇلاق، تىل، بۇرۇن، قول»دىن ئىبارەت بەش ئەزانى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىلىش دائىرىسى كۆرۈپ بىلىش، ئاڭلاپ بىلىش، تېتىپ بىلىش، پۇراپ بىلىش ۋە تۇتۇپ بىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

قاربدى. الله پىل قوشۇنىغا ئەۋەتكەن «توپ-توپ قۇشلار»نى بولسا چىچەك مىكروبى دېيىشتى.... ھەتتا، بىر تۈركۈملىرى قىيامەتنى، تىرىلىشنى، ھېساب ۋە جازانى ئىنكار قىلدى. ئۈچىنچى بىرلىرى ۋەھيىنى ۋە ئەلچىلىكنى ئىنكار قىلدى. يەنە بىرلىرى مۇنداق دېيىشتى: «قۇرئان بىزگە ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ھەققىدە سۆزلىدى. گەرچە بۇ ئىككىسى ھەققىدە تەۋرات ۋە ئىنجىلدا سۆزلەنگەن بولسىمۇ، بىراق، بۇ ئۇلارنىڭ تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخسلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ».

* * *

بىز باياۋاندا تارىخىمىزغا ۋە شان-شەرىپىمىزگە ئىنكارچىلىق نەزىرىمىز بىلەن قارىدۇق. تارىخىمىزغا بەزىدە ئەمدى قايتا مەيدانغا كەلمەيدىغان ئۆتمۈشنىڭ ھادىسىلىرىگە قارىغاندەك قارىساق، بەزىدە تارىخنىڭ مۇساپە يۈنىلىشىدە ئۇنىڭ قىلچىلىك ۋەزنى بولمىغان پارچە-پۇرات ئىشلارغا قارىغاندەك قارىدۇق. يەنە بەزىدە يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىسى ئازات «زىيالى» ئۇنىڭغا باغلىنىشتىن نومۇس قىلىدىغان نومۇسلۇق ئىشلارغا قارىغاندەك قارىدۇق.... يىغىپ ئېيتقاندا، بىز تارىخىمىزدىكى ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى غەرىبنىڭ ھادىسىلىرى ۋە تارىخلىرىدا مەۋجۇت بولغان جانلىق، تۆگىمەس، مول «خەزىنە» ئەمەس، بەلكى، ئادەتتىكى بىر ھادىسىلەر دەپ قارىدۇق.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەينى چاغدا ھادىسىلەر سەھىپىسىدە غەرب گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، رول ئوينىغۇچى ۋە تەسىر كۆرسەتكۈچى ئىدى. ۋەھالەنكى، ئاجىز، چۈشكۈن، بىچارە ئىسلام ئۈممىتى بولسا تېز سۈرئەت

بىلەن ئالغا ئىلگىرلەۋاتقان جەمئىيەتتە مەغلۇب بولغان ۋە بىر چەتكە چىقىپ قالغان ئىدى. شائىرنىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى:

قۇللارچە قول باغلاپ تۇرىسەن چەتتە،
خوجايىن ئېگىزدە، قۇل بولدۇڭ پەستە.
بىر چاغدا سەنمۇ ھەم خوجايىن ئىدىڭ،
غادايدى كۆرگەچكە ئۇ سېنى دەردتە.

شۇنداق!.... بىراق، بۇلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن شان-شەرەپلىك تارىخ بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟! بۆگۈنكى ناچار رېئاللىقنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆتمۈشنىڭ مۇقىم، تۇراقلىق تارىخى ھەقىقەتلىرى ئۆزگىرىپ كېتەتتىمۇ؟! بۆگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ چۈشكۈنلىكى سەۋەبلىك ئۇممەتنىڭ تارىختىكى شان-شەرىپى يوق بولۇپ كېتەتتىمۇ؟!

ياق!.....

بۆگۈنكى ناچار رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆتمۈشنىڭ شان-شەرىپى بىلەن ماختىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھوزۇر بەڭگىلەرنىڭ ئۆزگەتكىلى بولمايدىغان ناچار رېئاللىقتىن قېچىپ، نەشە چېكىش ئارقىلىق ئېرىشكەن خىيالى لەززىتىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ①.

بىراق، بىزنىڭ تارىخ تەتقىقاتىمىز ياكى تارىخى كۆز قارىشىمىز باشقا بىر يۆنىلىشكە قاراپ ماڭغان بولسا، ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولغان بولاتتى.... چۈنكى، ئۆتمۈشنىڭ شان-شەرىپى رېئال ھەقىقەت. ئۇ ھەرگىزمۇ خىيالى دۇنيانىڭ شېرىن ئەسلىمىلىرى ئەمەس. ئەگەر بۇ

---

① بەڭگىلەردىن نېمىشقا تاماكا چېكىسىلەر؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «سەن بىلمەيسەن، يۈرەكتە دەرد بار، دەرد.... دەپ زارلىنىدۇ». (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

«ھەقىقەت» تەربىيىۋى نۇقتىدىن «ئۆلۈك جانلار»نى تىرىلدۈرۈش، زەئىپ روھلارنى كۈچەيتىش، غاپىل قەلبلەرنى ئويغىتىش ۋە ئىرادىلەرنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئۇممەتنىڭ ھەربىي ۋە روھىي مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ئۇممەتنى چىرمىۋالغان ئۈمىدسىز ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە يارايدىغان جانلىق روھىي «ئوزۇق» بولغان بولاتتى. بىراق، ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ دەۋەتچىلىرى بۇ خىل تۈردىكى ھەر قانداق بىر ئۇرۇنۇشقا قارشى ئۇنى ماراپ ياتىدۇ. بۇ خىل ئۇرۇنۇشنىڭ نەتىجە بېرىپ قويۇشىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ غەربتىن ھەيران قالغان ۋاقتىتا تاشلاپ كەتكەن ئەسلى ھالىتىگە قايتىۋېلىشىدىن، نەچچە ئەسىرلىك شان-شەرەپلىك تارىخنىڭ «كۆرسەتمىسى» بىلەن يېڭى بىر مۇساپىگە قەدەم تاشلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ....

ئىشلارنىڭ ھەيرانلىق قالارلىق تەرىپى شۇكى، ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ دەۋەتچىلىرىنىڭ مەيدانى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى، شەرقشۇناسلارنىڭ يازمىلىرىدىن كەلگەن. چۈنكى، شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلىرى ئالدى بىلەن «ئويۇن»نىڭ مۇزىكىسىنى ئورۇنلايدۇ. ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ دەۋەتچىلىرى① بولسا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىدۇ. يەنى ئۇممەتنى تارىختىكى شان-شەرىپىگە قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغان ھەر قانداق كىشىنى يېتىم

① ئوقۇرمەن مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان چاغدا «شەرقشۇناس» بىلەن «ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ دەۋەتچىلىرى» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنىشى لازىم. شەرقشۇناس — ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە ھەر تۈرلۈك ئەسەرلەرنى يازىدىغان، يازمىلىرىدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان چەتئەللىك (غەربلىك) تەتقىقاتچى ئەدىب بولۇپ، ئۇ دىنىنىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى. ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ دەۋەتچىلىرى — ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىدىن چىققان، ئەمما، ئىدىيە، كۆز-قاراش، ئۇسلۇب ۋە يول جەھەتتە شەرقشۇناسلارغا ئەگەشكەن، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ھۆكۈمەتپەرەس ئەدىب بولۇپ، ئۇ ھەر بىر ئەسىرىدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا، ئۇلارنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق، ئادەت، ئەنئەنە ۋە مىراسلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

قالـدۇرۇش ئۈچـۈن شەرقـشۇناسلارغا ئەگـشىپ، ئۇلارنىـڭ ئىدىيە ۋە كۆز-قاراشلىرىنى قايتا تەكرارلايدۇ.

ئىـدىيىۋى ھۇجۇمنىـڭ دەۋەتچىلىـرى ئۇممەتنى ئىسلامنىڭ تارىخىـدىن قـايتۇرۇپ، ياۋروپانىـڭ شـان-شـەرىپى تەرەپـكە يۈزلەنـدۈردى.... ياۋروپاغـا قـاراڭلار! ئىلمىــي تەرەققىياتقـا قــاراڭلار! مەدەنىــــي تەرەققىياتقــــا قــــاراڭلار! ئىـــدىيىۋى يۈكسىلىــشكە قــاراڭلار! دېمــوكراتىيىگە قــاراڭلار! سىياســى ھوقۇقا قاراڭلار! ئىنسان قولغا كەلتۈرگەن ھۆرمەت ۋە شان-شەرەپكە قاراڭلار!

تـــوغرا، غەرب جەمئىيىتـــدىكى ئىلمىــــي، مـــاددىي ۋە تېخنولـوگىيە تەرەققىيـاتى ھەمـدە ئىنـسان قولغـا كەلتـۈرگەن ھۆرمەت ۋە شان-شەرەپ ھەقىقەتەن رېئال ئەمەلىيەت. ئەمما، بۇ ئاتالمىش «مەدەنىيەت»نىڭ ئاخىرقى ھېساپتىكى ئۆلچىمى ئاشۇ ئەمەلىيەتكە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئايرىم بىر ئىش.

ئۇممەت - باياۋانـدا - غەرب «مەدەنىيىتـى»نىـڭ سـەلبىي تەرەپلىرىنى كـۆرۈپ يېتەلمىـدى. چۈنكى، قارشـى تەرەپـتىن كەلگەن كۈچلۈك نۇر بىلەن چاقنىغان (ئالا چەكمەن بولغـان) كــۆز ئاشـۇ نـۇردىن باشـقىنى كۆرمەيـدۇ. كۈچلـۈك نۇرنىــڭ ئارقىـــسىدىكى قـــاراڭغۇلۇقنى تېخىمـــۇ كۆرەلمەيـــدۇ. دەل شــۇنىڭدەك ئىــدىيىۋى ھۇجۇمنىـــڭ دەۋەتچىلىـــرى ئاشـــۇ چاقنىغــان (ئــالا چەكــمەن بولغــان) كــۆزلەرنى ھەر دائىـم يورۇقلۇق تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپ، يورۇقلۇقنىـڭ ئارقىـسىدىكى قــاراڭغۇلۇقنى كــۆرۈش ئۈچــۈن نــۇرلار ئارىــسىغا ســىنچىلاپ قاراشتىن ئۇلارنى توسۇپ تۇرىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىـغا سـايە تاشـلاپ تۇرۇۋاتقـان، مۇسـۇلمانلار تـۇنجى بولـۇپ ئۇنىـڭ بېـسىمىنى ھـېس قىلىـشقا تېگىـشلىك

بولغان ئاشۇ زور «قاراڭغۇلۇق» مۇستەملىكىچىلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ مۇسۇلمانلارنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتەك قورقۇنچلۇق جىنايەتلىرىدۇر.

مۇستەملىكىچىلىك غەربلىكلەرنىڭ «بىز يۈكسەك قىممەتكە، ئىنسانى مەدەنىيەتكە ۋە تۆرتكىلىك شوئارلارغا ئىگە» دېگەن دەۋالىرىنىڭ ساختا ۋە يالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، غەربنىڭ بۇ قاراڭغۇ رېئاللىقى مۇسۇلمانلارنى ھەيرانلىق ھالىتىدىن ئويغىتىپ، شەخسىيەتچىلىك ئىچىگە چوڭقۇر پاتقان، «ئىنسانى» ۋىجدانىنى يوقاتقان ئاشۇ ساختا مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئۇلارغا ئېچىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئىسلام پەتھى ھەرىكىتى بىلەن خرىستىئان مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشى ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئىلاھىي ئۈممەت، ئىلاھىي پرىنسىپ ۋە ئىلاھىي ئەخلاق بىلەن چىرايى پارقىراق، كىيىملىرى پاكىز، تەلەپپۇزى يۇمشاق، سەۋىيىسى يۇقىرى شەيتانىي پرىنسىپ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلغان تارىخى شان-شەرىپىگە قايتىدۇ.

ئەگەر مۇستەملىكىچىلىك بارلىق زۇلۇم ۋە زۇلمەتلىرى بىلەن ئۈممەتنى غەپلەتتىن ئويغىتالمىسا، باياۋاندىن چىقىرالمىسا، ئاشۇ ساختا مەدەنىيەتنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى ئۇلارغا ئېچىپ بېرەلمىسە، ئۇنداقتا، ئۈممەت غەرب ئەخلاقىنىڭ - غەربلىكلەر كۆپ سۆزلەيدىغان - يۈكسەك قىممەتلەرگە بولغان ئىشەنچتىن كېلىپ چىققان ھەقىقى ئەخلاق بولماستىن، بەلكى، ئاتالمىش ئەخلاق دەستەكچىلىرىگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان «مەنپەئەت ئەخلاقى» ئىكەنلىكىنى ھەرگىز بايقىيالمايدۇ. بۇ «مەنپەئەت

ئەخلاقى» ئىنسانىيەتنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى، مەنپەئەت بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئەگەر ئۇ مەنپەئەت بىلەن قارمۇ-قارشى كېلىپ قالسا، ئاستا-ئاستا غايىپ بولىدۇ.

* * *

بىز باياۋاندا ياۋروپا رەھبەرلىرىنى گويا ئۆز رەھبەرلىرىمىزدەك، ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرىنى گويا ئۆز مۇتەپەككۇرلىرىمىزدەك، ياۋروپا ئەدىبلىرىنى گويا ئۆز ئەدىبلىرىمىزدەك كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئىپتىخارلاندۇق، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلىدۇق، ئۇلارنىڭ شوئارلىرىنى مەنبە قىلدۇق، ئۇلارنىڭ تارىخىنى يادلىدۇق. ئەمما، دەل شۇ پەيتتە ئۆزىمىزنىڭ رەھبەرلىرىمىزنى، مۇتەپەككۇرلىرىمىزنى، ئەدىبلىرىمىزنى ئۇنتۇدۇق. ئۇلار ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمىدۇق. ھەتتا، ساھابىلەرنى - اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن! - ، تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى زور ۋەقەلەرنى ۋە مۇشۇ ئۇممەتنىڭ سۈزۈك نۇرلاردىن پۈتكەن تارىخى كىتابلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتۇق.

بىز تارىختىكى ئىلمىي ھەرىكىتىمىزنى ئۇنتۇدۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتتا تەجرىبە پرىنسىپىنى قۇرۇپ چىققانلىقىنى ئۇنتۇدۇق. ۋەھالەنكى، يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقىنى بايقىغانلار، يەر شارىنىڭ مۇساپىسىنى ئۆلچىگەنلەر، قانىنىڭ ئايلىنىشىنى تېپىپ چىققانلار، دۇنيانىڭ تۇنجى خەرىتىسىنى سىزغانلار، پلانېتالارنىڭ ئورنى ۋە مەنزىللىرىنى ئېنىق كۆرسەتكەنلەر دەل مۇسۇلمانلار ئىدى. ئەمما، بىز گويا ئىلىمنىڭ ھەممىسى غەربتە باشلانغاندەك،

غەربنىڭ تالانتىدىن ئۇرغۇپ چىققانىدەك، غەربتىن باشقا جايدا ئىستىبدات ئىگىلىرى تېپىلمايدىغانىدەك خىيالغا كېلىپ قالدۇق.

بىز مەدەنىيىتىمىزنىڭ بەلگىلىرىنى ئۇنتۇدۇق. بۇ ئىنسانىنىڭ جىسمىنى، ئەقلىنى ۋە روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئامىباپ، باغلىنىشچان ۋە تەڭپۇڭ مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، ئىرقى، تىلى ۋە ئەقىدىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق هالدا ئۆز «قەلبى»نى ئاچتى. ئۇ هەرگىزمۇ پەقەت ئاق تەنلىكلەرگىلا مەنسۇپ بولغان، ئىلاهىي پرىنسىپتىن چەتنىگەن، هاكاۋۇر، سېسىق غەرب مەدەنىيىتىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

{يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوباً وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ}

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز هەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن هەۋۋادىن ئىبارەت)بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، هەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاهىدا ئەڭ هۆرمەتلىك هېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)①».

«كلكم لآدم ، وآدم من تراب»

(سىلەرنىڭ هەممىڭلار ئادەم ئاتىنىڭ بالىلىرى، ئادەم ئاتا

① سۈرە هوجۇرات: 13 ـ ئايەت.

تۇپراقتىن يارىتىلغان①).

* * *

الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان كىتاب باياۋاندا ئەنئەنىۋى «مىراس»قا ئايلىنىپ قالدى....

«بىزگە ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان بۇ ‹كىتاب› قا ئۇلار ئىزچىل تۇردە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئەمما، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، بىز دېگەن باشقا بىر ئۇممەت ۋە باشقا بىر ئەۋلاد! . كىتابتىكى خىتاب قىلىنغۇچى بىز ئەمەس، ئۇنىڭدىكى بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنغان كىشىلەرمۇ بىز ئەمەس. بىزنىڭ بۇ كىتابنى ساقلاپ قويۇشىمىزنىڭ سەۋەبى گاھىدا ئۇنى ئوقۇپ، روھى تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈندۇر. بىراق، ئۇ ھەرگىزمۇ ئويلىنىشقا ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. كۈندىلىك ھايات، ئىدىيىۋى ھايات، ئىجتىمائى ھايات، ئىقتىسادىي ھايات ۋە سىياسى ھاياتتا ئۇنى ئاساسلىق مەنبە قىلىۋېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ھاياتتىكى بارلىق پرىنسىپلارنىڭ مەنبەسى باشقا بىر جايدىن.... يەنى ئەرەبچە سۆزلىمەيدىغان ۋە قۇرئانغا ئىشەنمەيدىغان يات بىر مىللەتتىن كېلىدۇ②.

* * *

ئەدەبىيات دۇنياسى باياۋاندىن قۇتۇلالمىدى....

ئەدەبىيات دېمەك روھىيەتنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى،

---

① ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

② ئاپتور بۇ ئابزاستا ئۇممەتنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسنى پۈتۈنلەي تاشلاپ، غەربنىڭ ھايات پرىنسىپلىرىغا ئەگەشكەنلىكىدەك خاتالىقىنى ئۇلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەنقىد قىلىدۇ. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

ئەقىلنىڭ ئوي-خىيال ۋە پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى، ئىنسانىنىڭ ھاياتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئىپادىلەش دېمەكتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى باياۋانغا مەنسۇپ بولغان چاغدا، ئۇلارنى ئەدەبىيات ياكى سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلەش باياۋان ئەدەبىياتى ۋە ھالاكەت سەنئىتىدىن باشقا نېمىنى شەكىللەندۇرىدۇ؟!.

ئەدەبىياتتىكى تۇنجى باياۋان شۇكى، بىز پۇتكۇل ئەرەب ئەدەبىياتىمىزنى غەربنىڭ تارازىسىغا قويۇپ ئۆلچىدۇق. ئەپسۇسكى، غەربنىڭ ئۆلچىمىدە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يوقلۇقى (يەنى دۇنياۋى ئەدەبىيات سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەنلىكى) ئايان بولدى.

چۈنكى، پۈتكۈل شېئىرىيەت ئىپادىلەش سەنئىتى، پىكىر قىلىش سەنئىتى ۋە تۇرمۇش سەنئىتىنىڭ تۈپ ئاساسى دەپ قارالغان گرېك شېئىرىيىتىنىڭ بىر تارمىقىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. بۇ «تارماق» Lyrical Poetry «لىرىك شېئىر» بولۇپ، پادىچىلار يايلاقتا قويلىرىنى باققاچ ئاشۇ خىل شېئىرلار بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ۋە غەم-قايغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئەسلىملىرىنى ۋە ئىچكى ئازاپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. نەتىجىدە «لىرىك شېئىر» مەيدانغا كەلگەن... بىراق، بىزدە ئېپوس يوق، ئوپېرا يوق، شېئىرىي تىياتىر يوق، بىزدە ھېچنېمە يوق... تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا «تراگېدىيە»نىڭ بولمىغانلىقىدۇر.

يۇنان تراگېدىيىسى دۇنيا ۋە دىنىنىڭ ئەدەبىياتىدۇر. ئۇ ئىنسانى تەجرىبىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىنسان روھىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى ۋە زېمىندا ئىنسان ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان «قانۇنىيەت»لەرنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى ئەكس

ئەتتۇرىدۇ... بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۇ خىل خۇسۇسىيەتتىن خالى بولۇشى بىز ئۈچۈن نومۇس!.

يۇنان تراگېدىيىسى ئۆزىنىڭ كۆپ قاتلاملىقى، نازۇكلۇقى ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى تەڭداشسىزلىقى بىلەن ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئىلاھلار بىلەن بولغان تىركىشىشىدۇر.

يۇنان تراگېدىيىسىدە: ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرمەكچى، ئۆزىنىڭ رول ئوينىغۇچى ۋە تەسىر كۆرسەتكۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى، قەھرىمانلارنى ۋە بۈيۈك مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەكچى (ماھىيەتتە ئىلاھقا ئايلانماقچى) بولىدۇ. ئەمما، ئىلاھلار ئىنساندىن قىزغىنىپ، ئۇنىڭ يولىغا داۋانلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئاخىرقى ھېساپتا ئىنسان ئۆز ئىرادىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئىلاھلارغا بويسۇنۇشنى رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۈيقەستىنى بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ.... ئەنە شۇ چاغدا تراگېدىيە يۈز بېرىدۇ!.

قېنى ئېيتىڭچۇ؟!

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تراگېدىيە بارمۇ؟... ياق! بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تراگېدىيە يوق!... چۈنكى، بىز ئىچكى قاتلاملارغا يېتىپ بارالىغۇدەك ئېنېرگىيە ھاسىل قىلمىغان، ھاياتنىڭ گىرۋىكىدە ياشاپ، ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا چۆكەلمىگەن مەنىۋى كۈچى ئاجىز مىللەت.

مەن ئونىۋېرسىتېتتا ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتىدا ئوقۇغان ئىدىم. بىزگە غەربىي ئەدەبىياتى ـ ياۋروپا ئەدەبىياتى ئۇزاق مەزگىل ئۇنىڭدىن قېنىپ سۇ ئىچكەن «بۇلاق» (تۈپ مەنبە)، ئوبزورچىلار ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچە، باھا ۋە تەنقىدى كۆز-قاراشلىرىنى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىدىغان

ئاسلىق «ئۆلچەم» دەپ ئۆگىتىلگەن ئىدى. مەن بىزنىڭ «ئوبزورچىلىرىمىز»نىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى ھەققىدە ئاشۇلارنى دوراپ ئېيتىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆز-ئۆزەمگە: «ئادەملەر قانداق بولۇپ بۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟» دېگەن سوئاللارنى تاشلايتتىم.

مەن ئەرەب ئەدەبىياتىدا بار بولغان ۋە يوق بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى تۇتقا قىلىپ، ئەرەب ئەدەبىياتىنى مۇداپىئە قىلماقچى ئەمەسمەن. چۈنكى، ھەقىقى مەسىلە بۇ ئەمەس. بەلكى، «بىزنىڭ شەخسىتىمىز قانداق قىلىپ بۇ قەدەر ئۆزگىرىپ كەتتى؟، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن قارىماي، نېمىشقا ياتلارنىڭ كۆزىنى ئارىيەت ئېلىپ قارايمىز؟» دېگەن مەسىلىدۇر.

مەن ئەدىب ياكى ئوبزورچى ئەمەس!...

بىراق، مەن بىر خەلق بىلەن يەنە بىر خەلق، بىر ئەدىب بىلەن يەنە بىر ئەدىب ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولىدىغان مۇئەييەن ئىچكى پەرقلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا پۈتكۈل ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى دەپ قارىلىدىغان ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش جەريانىمدا شۇنى ئېنىق بايقىدىمكى، ئىنسانلار بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى - ياكى يۇنان بۇددىزمى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئىنسانلار بىلەن ئىلاھلار ئوتتۇرىسىدىكى - تىركىشىش ئىدىيىسى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

بۇ خىل ئەھۋال يۇنان ئەپسانىلىرىدە، بولۇپمۇ، مۇقەددەس ئوت ئوغرىسى «پرومېتې ئەپسانىسى»دە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا قەدىمكى يۇنان ئەپسانىسىدىكى ئەڭ ئالىي ئاسمان خۇداسى ئىلاھ زېۋس تۇپراقتىن ئىنسانىنى يارىتىپ، ئۇنى مۇقەددەس ئوت بىلەن تاۋلىغانمىش (مۇقەددەس ئوت مەرىپەتكە سىمۋول قىلىنغان). ئاندىن كېيىن ئۇنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ، يالغۇز ھالەتتە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە بەنت قىلغانمىش (قاراڭغۇلۇق نادانلىققا سىمۋول قىلىنغان). ئەپسانىۋى شەخس پرومېتې (پرومېتې شەيتانغا سىمۋول قىلىنغان) ئىنسانغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئىلاھتىن مۇقەددەس ئوتنى ئوغرىلاپ، ئۇنىڭغا ئەكىلىپ بەرگەنمىش (بۇ ئىنساننىڭ بىلىملىك بولۇشقا باشلىغانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان). شۇنىڭ بىلەن ئىلاھ مۇقەددەس ئوت ئوغرىسى پرومېتې بىلەن تۇپراقتىن يارىتىلغان ئىنسان ئېبىسموسقا بىردەك غەزەپلىنىپ، ئىنسانغا ئوت ئوغرىلاپ بەرگەن پرومېتېينى كاپكاز تاغلىرىغا بەنت قىلىۋەتكەنمىش ھەمدە ئۇنىڭغا بىر قۇشنى مۇئەككەل قىلغانمىش. قۇش كۈن بويى ئۇنىڭ جىگىرىنى چوقۇلاپ ئۇنى ئازاپلارمىش. كېچىسى ئۇنىڭغا يېڭىدىن جىگەر ئۈنۈپ چىقارمىش. قۇش ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ جىگىرىنى چوقۇلىغىلى يەنە كېلەرمىش. ئۇ مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك ئازاپقا گىرىپتار قىلىنغانمىش... ئەمما، ئىلاھنىڭ ئىنساندىن مۇقەددەس ئوتنى قايتۇرۇۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەنمىش. (بۇ ئىنسان بىلىملىك بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىلىمنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان). شۇنىڭ بىلەن ئىلاھ ئىنسانغا باندورا ئىسىملىك بىر ئايال (ھاۋا ئانىغا سىمۋول قىلىنغان)نى ھەمرا بولۇشقا ئەۋەتكەنمىش. بىراق، بۇ ئايال بىلەن بىر دانە ساندۇق بىللە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بۇ ساندۇققا لىققىدە يامانلىق قاچىلانغانمىش. ئايال ساندۇقنى ئاچقاندىن كېيىن

يامانلىق ساندۇقتىن ئۇچۇپ چىقىپ، پۈتكۈل يەر شارىغا تارقالغانمىش ۋە زېمىن يامانلىققا تولغانمىش!....

يۇنان ئەپسانىلىرى ئىنسان بىلەن اللە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇر قىلىدى. ئىلىمنى اللە ئۆز پەزلىدىن ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئىلاھىي ئىلھام دەپ قارىمىدى.

{وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا}

«اللە پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى①».

{عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ}

«ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى②».

{خَلَقَ الْإِنْسَانَ عَلَّمَهُ الْبَيَانَ}

«اللە ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى③».

بەلكى، ئىنسان ئىلىمنى ئىلاھتىن مەجبۇرى تارتىۋالىدۇ، ئىلاھ بولسا چىدىماسلىق قىلىپ (اللەدىن مەغپىرەت تىلەيمىز)، ئىنساننىڭ بىلىملىك بولۇشىنى، ئۆز ئىلمى بىلەن مەنپەئەتلىنىشىنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە ئىنساندىن ئەنە شۇنداق قەبىھلىك بىلەن ئىنتىقام ئالىدۇ.

مانا بۇ يۇنان ئەپسانىلىرى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، ئىنسان هاياتىدىكى «تراگېدىيە»نىڭ كېلىش مەنبەسى.

ئەرەب ئەدەبىياتىدا ۋە ئەرەب مىللىتىدە كەم بولۇۋاتقان

---

① سۈرە بەقەرە: 31- ئايەت.
② سۈرە ئەلەق: 5- ئايەت.
③ سۈرە رەھمان: 3-4- ئايەت.

تەرەپ دەل ئاشۇ.

ياۋروپا چىركاۋ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ياۋرۇپا ئەدەبىياتى يۇنان ئەپسانىلىرىنىڭ ئىزىغا ئەگەشتى ھەمدە گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ھايات چۈشەنچىلىرىدە گرېك ئەدەبىياتىغا قايتىپ، ئۇنى ئاساسى مەنبە قىلدى.

ياۋروپا رومانتىك مەزگىلىدە ـ ئەدەبىياتتا ـ گرېك بۇددىزىمغا قايتتى. ئاندىن ئۆز نامى بىلەن كىشىلەرنى قۇل قىلغان چىركاۋ ئىلاھىنىڭ ئورنىدا «تەبىئەت» ئاتلىق يېڭى ئىلاھقا چوقۇندى.... ئاندىن ياۋروپالىقلارنىڭ روھى دۇنياسىدا ئىنسان بىلەن ئاشۇ يېڭى ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش پەيدا بولدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كىتابلىرىدا: «ئىنسان تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىدۇ»، «ئىنسان تەبىئەتنى بويسۇندۇرىدۇ» دەپ يېزىشتى.

ئاندىن كېيىن ياۋروپا اللەنىڭ ئورنىدا ئىنساننى ئىلاھلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ يېڭى ئىلاھ بىلەن بولغان كۆرىشى باشلاندى. يەنى ئىنسان يا ئىچكى دۇنياسىدا پىسخىكا جەھەتتە ئۆزى بىلەن كۆرەش قىلدى، ياكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىجتىمائى جەھەتتە يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن كۆرەش قىلدى.

توغرا، كۆرەش بولۇشى كېرەك!، كۆرەش بولمىسا تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

بىراق، اللە رۇخسەت قىلغان ۋە بەرىكەتلىك قىلغان كۆرەش ياخشىلىقنىڭ يامانلىققا قارشى قىلغان كۆرىشى ئەمەسمۇ؟

{وَلَوْلا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْأَرْضُ}

«الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)①».

{وَلَوْلا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيراً وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ}

«ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە قارشىلىق كۆرسىتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللەنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر②».

ئەمما، ياۋروپانىڭ كۆرۈشى ئىنسان بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش بولدى.

ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئىنسان بىلەن اللەنىڭ كۆرۈشى ئىپادىلەنمىگەچكە ئۇ كۆپ قاتلاملىق دۇنياۋى ئەدەبىيات بولۇش تەلىۋىگە يېتەلمىدى (بۇنداق بولۇشتىن الله ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!).

شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا ئەدەبىياتتا تۇيۇق يولغا قاراپ ماڭدى. بىزمۇ ياۋروپا كىرگەن تۇيۇق يولغا كىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدۇق.

① سۈرە بەقەرە: 251- ئايەت.

② سۈرە ھەج: 40- ئايەت.

فروئىدنىڭ «يوشۇرۇن ئاڭ» ۋە «ئاڭسىزلىق①» نەزىرىيىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن سۇررېئالىزم مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ: «بىزدىمۇ سۇررېئالىزم بولۇشى كېرەك، بىزنىڭ ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش سۇررېئالىست بولماسلىقىمىز بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟» دېيىشتۇق.

«بىمەنىلىك②» پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ: «بىزدىمۇ ‹بىمەنە ئەدەبىيات› بولۇشى كېرەك» دېيىشتۇق. «كاتتا» ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى «دەرەخكە ياماشقۇچى» ناملىق «بىمەنە تىياتىر»دىن بىرنى يېزىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنۇلارنى يازدى: «مەن باشقىلارنىڭ بىزنى ‹بىمەنە ئەدەبىيات›ى يوق دېمەسلىكى ئۈچۈن بۇ تىياتىرنى ‹بىمەنە ئۇسلۇب› بىلەن يېزىپ چىقتىم».

ھەيرانمەن! ياۋروپا ئۆزىنىڭ «گۈللىنىش»ىدە تۇيۇق يولغا قاراپ ماڭدى ھەمدە تولۇق ئون ئەسىر ئەقىلگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ رولىنى بىكار قىلغان چىركاۋلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن چەكتىن ئاشقان «ئەقىلچىلىك»كە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەقىلنى كۈچى يېتىدىغان ۋە كۈچى يەتمەيدىغان ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە كىرگۈزۈپ قويدى... بىراق، ياۋروپا ئەقىل كۈچى يەتمەيدىغان ساھەلەرگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان چاغدا، ئەقىلنىڭ ياۋروپانىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى، يېڭى قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، چەكتىن ئاشقان «ئەقىلچىلىك»تىن قېچىش ئۈچۈن «ئەقىلسىزلىك» (بىمەنىلىك)كە مەجبۇر بولدى... ئەمما، بىزچۇ؟ بىز نېمىشقا

① اللاشعور

② اللامعقول

ئۇلار بىلەن بىللە بىمەنىلىككە مەجبۇر بولىمىز؟

ئۇنىڭدىن كېيىن زامانىۋىلىق پەيدا بولدى... شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ: «بىزدىمۇ ‹زامانىۋى ئەدەبىيات› بولۇشى كېرەك! ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ زامانىۋىلىقتىن خالى بولۇشى، بىزنىڭ قالاق بولۇشىمىز بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟» دېيىشتۇق.

زامانىۋىلىقنىڭ ھەقىقى جەۋھىرى «مىراس»لارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن قېچىشتۇر.

مۇھىمى بىز — زەنجىر-كېشەن پەيدا قىلىدىغان — مىراسلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىككە چىقىشىمىز لازىم. ياۋروپالىقلار شۇنداق قىلىۋىدى، كۆڭلى تارتقاننى قىلالايدىغان ئەركىنلىككە ئېرىشتى.

توغرا، ياۋروپانىڭ مىراسلارنى پاچاقلاپ تاشلىشىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا سەۋەبى بار. يەنى ياۋروپالىقلاردىكى مىراس چىركاۋ، چىركاۋنىڭ خوراپاتلىرى، زوراۋانلىقلىرى، ۋە ئىنساننىڭ كۈچىنى زېمىندا نەتىجە بېرىدىغان ئىجابى خىزمەتلەرگە سەرپ قىلىشتىن چەكلەيدىغان ھاكىممۇتلەقلىقى ئىدى. شۇڭا ئاشۇ «مىراس»نى پاچاقلاپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭدىن قېچىش «ئەقىلگە ئۇيغۇن» ئىش بولغان.

بىراق، مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىلاھىي مىراسلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان چاغدا، ئۇنىڭغا باياۋاندا تېڭىرقاپ يۈرۈشتىن باشقا نېمە قالىدۇ؟!

* * *

ئۇممەت كىرىپ قالغان باياۋاننىڭ ھەجمى ئەنە شۇنداق چوڭ ۋە كەڭرى بولدى... ئۇ ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى

قاپلىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «لا إله إلا الله»نىڭ بارلىق تەلەپلىرىدىن ئېغىپ كېتىش يۈز بەردى. چۈنكى، «لا إلـه إلا الله»نىڭ تەلەپلىرى ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

{قُلْ إِنَّ صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لا شَرِيكَ لَهُ .. }

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ‹مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر...› ①».

بىز تەبىئىكى، «بارلىق ئىنسانلارنى دولقۇن قورشىۋالدى، ئۇممەت باياۋانغا كىرىپ قالغان چاغدا، ئۇممەت ئىچىدە بۇزۇلۇشنىڭ مىقدارىنى بايقىيالىغۇدەك كىشى قالمىدى»، دېمەيمىز.

ياق! ئەھۋال ھەرگىز بۇنداق بولمايدۇ، ھەم بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«لا تزال طائفة من أمتي ظاهرين على الحق ، لا يضرهم من خالفهم ...»

(مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە ھەر دائىم بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەق ئۈستىدە ئاشكارا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يولىغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۇلارغا زىيان تەتكۈزەلمەيدۇ...②).

بىراق، دولقۇن ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. قارشى تۇرغۇچىلارنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. ئۇلارنى يۇلىۋېرۇق

---

① سۈرە ئەنئام: 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

② ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

مەركىزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، بىر چەتكە ئاپىرىپ تاشلىدى... ئەكسىچە زەھەر يۇتۇۋالغانلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، ئىدىيە، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت.... قاتارلىق بارلىق مەيدانلاردا ئۇلارنى «رەھبەر»گە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

بىر مەزگىل قارىماققا ئۇممەت بىلەن دىن، مىراس ۋە تارىخ ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈكلۈك پەيدا بولغاندەك، ئۇممەت ياۋروپانىڭ يولىغا ئەگىشىپ، مەڭگۈ ئىسلام يولىغا قايتىپ كەلمەيدىغاندەك كۆرۈنگەن ئىدى.

بىراق، ماھىيەت شۇكى، ئۇممەت ئارىلاشما خاراكتېر بىلەن ياشاۋاتتى....

بۇ يەردە مۇنداق ئىككى تۈركۈم كىشىلەر بار... بىر تۈركۈمى دىنىدىن، مىراسىدىن ۋە تارىخىدىن بىر پۈتۈن چېكىنىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن چېكىنگەنلىكىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، - ئۆز كۆڭلىدە - ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاش Free Thinkers «ئەركىن مۇتەپەككۇر»لار بولغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەن كىشىلەر.

يەنە بىر تۈركۈمى دىنىغا، مىراسىغا ۋە تارىخىغا چىڭ ئېسىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ساقلاپ كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار گەرچە ئۆز ئىشىدا مەغلۇپ بولۇپ، سۈكۈتكە چۆمگەن ياكى شىددەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئاۋازى ھېچبىر ئىنسان ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە يوقالغان بولسىمۇ، بىراق، بىر قەدەممۇ ئارقىغا چېكىنمەي ئۆز ئورنىدا ئاڭلىقلىق بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەر.

ئەگەر بىز بۇ ئازغىنە ئىككى تۈركۈم كىشىلەرنى قويۇپ تۇرساق، ئۇنداقتا، دولقۇننىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان

پۈتكۈل ئۈممەت ئارىلاشما خاراكتېر بىلەن.... يەنى كىشىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىدا ۋە بىر قىسىم ھەرىكەت يوللىرىدا ساقلىنىپ قالغان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى، ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كۈچلۈك بېسىمى بىلەن پىكىر، تۇيغۇ ۋە مەسلەكنى ئۆزگەرتىۋاتقان ھەمدە ھاياتلىق سۈرىتىنى ھەر دائىم كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا مىدىرلىتىپ، ئۇنىڭ بەلگە ۋە تەپسىلاتلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئىككىلەمچى ئىدىيە..... دىن ئىبارەت ئارىلاشما خاراكتېر بىلەن ياشاۋاتىدۇ.

ياۋروپا ئىلگىرى دىن، تەسەۋۋۇر ۋە مەسلەك جەھەتتىكى پەرقنى ھېساپقا ئالمىغاندا، شەكىلداش (ئوخشىشىپ كېتىدىغان) دەۋرنى باشتىن كەچۈردى.

ياۋروپالىقلار كىشىلەرنىڭ روھىنى قۇل قىلغان چىركاۋ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، چۈشەنچىلىرىدە گرېك ئەنئەنىسىنى ياكى Greco-Roman يۇنان - رىم ئەنئەنىسىنى ئۆزگە مەنبە قىلغان «گۈللىنىش»نى باشلىغان چاغدا پۈتكۈل ياۋروپالىقلار دىنىنىڭ قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قىلىش بىلەن دىندىن چېكىنىپ چىقىشتەك ئارىلاشما خاراكتېر بىلەن ياشاۋاتاتتى.

شۇنداقتىمۇ، بۇ ھالەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

چۈنكى، ئىككى خىل ھالەتنىڭ بىرى يەنە بىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، ئاستا-ئاستا ئۇنى ئۆچۈرۈپ تاشلايتتى ياكى ئۇنى ئۆز سايىسى ئاستىدا كۆرۈنمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.

ياۋرپادا ئەمەلىيەت دەل ئاشۇنداق بولدى.... يەنى

دىندىن چىكىنگەن ئوبراز ئاستا-ئاستا كۆچىيىپ، دىندار ئوبرازنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلىدى ياكى ئۆز سايىسى ئاستىدا كۆرۈنمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئىسلام ئۇممىتى ياۋروپا باشتىن كەچۈرگەن بۇ خىل تەجرىبىگە ئاساسەن: «ئارىلاشما خاراكتېر بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرى يەنە بىرى ئۈستىدىن.... يەنى دىندىن چىكىنگەن ئوبراز دىنى ئوبراز ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئەھۋال راست شۇنداق بولدى.... ئىككى ئوبرازنىڭ بىرى يۇشۇرۇنۇپ، يەنە بىر ئاشكارىلىنىشقا ۋە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.... بىراق، ئىش كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنى ۋە كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولدى. يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ رېئاللىقى ياۋروپا رېئاللىقىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ رېئاللىقىدا گەۋدىلىنىشكە باشلىغان ئوبراز ئىسلامغا قايتقۇچى ئوبراز ئىدى!

ئويغىنىشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىدىغانلار بولسۇن ياكى ئويغىنىشنىڭ مەڭگۈ يۈز بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدىغانلار بولسۇن، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە «ئويغىنىش» مەيدانغا كەلدى.

ئۈممەت باياۋانغا بەكلا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن ۋە ئىسلام يولىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن ئىدى.

كەم دېگەندە 200 يىلدىن بېرى ئۈممەتنى دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن پىلان تۈزۈۋاتقان يەھۇدى-خرىستىئانلار «بۇ ئاخىرقى قېتىمى پىلانىمىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق» دەپ گۇمان قىلاتتى. چۈنكى، ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇلارنىڭ كۆرۈۋاتقانلىرى بۇ «گۇمان»نى «پاكىت» بىلەن تەمىن ئېتەتتى. دېمىسىمۇ ئۈممەت دىن بىلەن باغلىنىشلىق ھەر قانداق نەرسىدىن چېكىنىپ چىقىۋاتاتتى. ئىبادەت شۇئارلىرىنى ئادا قىلىشمۇ پەقەت يېزا ئاھالىلىرى ۋە شەھەردىكى قېرىلارنىڭلا ئىشى بولۇپ قالغان ئىدى. ياشلار بولسا «تەرەققىيات»، «مەدەنىيەت» ۋە «ئازاتلىق»قا دۇم چۈشكەن ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەسجىدلەر ئۇلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇسى «سەنئەت» ۋە «سەنئەتكارلار»، ناخشا-مۇزىكىلار ۋە كىنو فىلىملىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئاياللار ئازاتلىقى»دىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئوغۇل-قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى پاك ۋە ناپاك

«دوستلۇق» ياشلارنىڭ ئاساسلىق مەشغۇلاتى بولۇپ قالغان ئىدى.

تېخىمۇ خەتەرلىك بولغىنى، ئۇممەتنىڭ يالغۇز ھەرىكەتتىكى ئېغىپ كېتىشى بولماستىن، بەلكى، تەسەۋۋۇردىكى ئېغىپ كېتىشى ئىدى. چۈنكى، تەسەۋۋۇرى ۋە ئېتىقادى توغرا بولۇپ، پەقەت ھەرىكەتتىلا ئېغىپ كەتكەن كىشى قەلبى ئويغانغان دەقىقىلەردە ناھايىتى تېزلا ھەقىقەتكە قايتىپ، ھەرىكىتىنى توغرىلىۋېلىشى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تاشلاپ، توغرا يولدا مېڭىشى مۇمكىن. ئەمما، تەسەۋۋۇرى ۋە ئېتىقادى بۇزۇلغان كىشى «خاتا»نى «توغرا» دەپ ئويلايدىغان، دىنغا قايتىشنى «خاتالىق» دەپ قارايدىغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ھەقىقەتكە ۋە توغرا يولغا قايتالىسۇن؟!

ئەمما، غەرب ئىدىيىسى بىلەن زەھەرلەنگەن، زەھەر چېكىۋالغانلىقىدىن شاتلانغان، تەسەۋۋۇر، ئېتىقاد ۋە مەسلەك قاتارلىق ھەممە نەرسىدە ئۆزىنىڭ «خوجايىن»غا ئايلانغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەن ئاتالمىش «زىيالى» قۇيرۇقچىلار - غەربلىك خوجايىنلىرىغا ئوخشاشلا - ئىسلام ئەمدى ھەرگىزمۇ قايتىدىن قەد كۆتۈرەلمەيدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئورنىدىن دەس تۇرالمايدۇ دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئەكسىچە ئۆزلىرىنى بولسا «بىز مىللەتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى تەشكىل قىلغۇچى داھىي ۋە يېتەكچىلەر، بىز مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تارىخنى ياراتتۇق، بىز يېڭى جەمئىيەتنىڭ باشلامچىلىرى، پۈتكۈل جەمئىيەتنى نۇرغا يېتەكلەيمىز، ئۇلارنى زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىرىمىز...» دەپ ئويلىشاتتى.

مەيلى يەھۇدى-خرىستىئانلار بولسۇن ياكى ئۇلارنىڭ

قـۇيرۇقچىلىرى بولــسۇن ھەممــسىنىڭ گۇمــانى ياۋروپــا تەجرىبىسىنى ئاساس قىلغان ئىدى...

ئەمەلىيەتتە ياۋروپالىقلار بىلەن ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە تولىمۇ ئوخشىمايتتى....

ياۋروپالىقلار بىر زامانلاردا دىنغا ئىشىنەتتى. دىن ئۇلارنىڭ ھايـاتى، ئىدىيـسى ۋە ھۆكـۈم قىلىـش مەنبەسـى ئىـدى.... ئارىدىن بىـر مەزگىلـلەر ئۆتتى. ياۋروپـالىقلار دىنـدىن باشـقا نۇقتىغا بۇرۇلدى. ئـۇلار دىننـى شـۇ قەدەر ئۇنتـۇدىكى، گويـا دىن ئۇلارنىڭ ھاياتىدا زادىلا بولۇپ باقمىغاندەك ئىدى. ئۇلار دىننـى تـارىخى مۇزېيغـا ئاپىرىـپ تاشـلىۋەتتى. ياۋروپـالىقلار ئىلگىرىكـى ھـالەتلەر بىـلەن قىلچىلىـك ئالاقىـسى بولمىغـان ھالدا يېڭىدىن تۇغۇلدى....

ئىسلام ئۇممىتى بولسا بىر زامانلاردا دىنغا ئىشىنەتتى. دىـن ئۇلارنىـڭ ھايـاتى، ئىدىيـسى ۋە ھۆكـۈم قىلىـش مەنبەسـى ئىدى.... ئارىدىن بىر مەزگىللەر ئۆتتى. ياۋروپـانى دىنـدىن چىقارغان ۋە ئۇلارغا دىننى ئۇنتۇلدۇرغان ئاشـۇ خىـل ئۇسـۇل ۋە ئىـدىيە بىـلەن ئىـسلام ئـۇممىتى دىنـدىن چىكىنىـشكە باشلىدى.... ئەمما، ئۇممەتنىڭ رېئاللىقىدىكى نەتىجە بىـلەن ياۋروپالىقلارنىڭ رېئاللىقىـدىكى نەتىـجە ئوخـشاش بولمىـدى. بۇنىڭدىكى تولۇپ سەۋەپ قايسى؟

ئۇلار تەقدىرنى خاتا مۆلچەرلىدى!

بىرىنچىدىن، الله ياۋروپالىقلارغا تەقـدىر قىلمىغـان ئىـشنى ئىـسلام ئـۇممىتىگە تەقــدىر قىلــدى. ئەمەلىيەتتىمـۇ ئەھـۋال «قـۇللار»نىـڭ خاھىـشى بـويىچە ئەمەس، بەلكـى، اللهنىـڭ خاھىشى بويىچە بولدى.

ئىككىنچىدىن، اللەنىڭ تەقدىرى قانۇنىيەت ۋە سەۋەپلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۇنداقتا، ياۋروپا دۇنياسى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ۋەزىيىتىنى، ياۋرۇپالىقلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ رېئاللىقىدىكى نەتىجىنى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولۇشتىن توسۇپ قالغان ھەقىقى سەۋەپ نېمە؟!

ماھىيەتتە كۆپلىگەن سەۋەپلەر بولۇپ، يەھۇدى-خرىستىئانلار ۋە ئۇلارنىڭ «زىيالى» قۇيرۇقچىلىرى بۇ سەۋەپلەرنى بايقىيالمىدى. ھەتتا، ئۇممەتنىڭ بايراقدارلىرى باياۋاندىن چىقىشقا باشلىمىغىچە ئۇممەتنىڭ ئۆزىمۇ بۇ سەۋەپلەرگە دىققەت قىلمىدى.

ئەمەلىيەتتە ياۋروپا دۇنياسى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا كۆپلىگەن پەرق ۋە ئوخشىماسلىقلار بار.

بىرىنچى پەرق، يەنى ئەڭ مۇھىم پەرق: ئىككى دىنىنىڭ بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقى؛

مۇسۇلمانلاردىكى دىن اللەنىڭ ھەق دىنى بولۇپ، اللە بۇ دىنىنىڭ كىتابى ۋە سۈننىتىنى ئەسىرلەردىن بىرى ئەينەن ساقلاپ كەلدى. گەرچە مۇسۇلمانلار مەلۇم مەزگىل بۇ دىندىن ئېغىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار دەرھال دىنغا قايتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. چۈنكى، مەنبە ھېلىھەم مەۋجۇت. ئۇ قىلچە ئۆزگەرتىلمىدى ۋە ئالماشتۇرۇلمىدى. ئۇنىڭغا يامان قوللار سوزۇلمىدى.

ئەمما، ياۋرۇپالىقلاردىكى دىن چىركاۋنىڭ دىنى بولۇپ، ياۋروپا مەيلى قەدىمكى زاماندا بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن بۇ دىنىنىڭ ئەسلىنى ۋە ھەقىقىتىنى تونۇشقا زادىلا

مۇۋەپپەق بولالمىدى. چۈنكى، الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان كىتاب (ئىنجىل) ئۆزگەرتىلدى ۋە ئالماشتۇرۇلدى. الله تەرەپتىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان تەۋھىد ئەقىدىسى باشقا بىر بۇزۇق ئەقىدىگە ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. خرىستىئانلار «بىر خۇدالىق» ئەقىدىسىنى «ئۈچ»كە پارچىلىدى. الله، اللهنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ئىسا ۋە ئىسانىڭ ئانىسى مەريەمنى بىر ئائىلە كىشىلىرى دەپ قارىدى (ئاغزىغا تاش-تۇپراق بۇ كاپىرلارنىڭ!). ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە بىر-بىرىگە زىت بولغان ئارىلاشما ئىدىيىنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەقىدىنى شەرىئەتتىن ئايرىۋەتتى. كىشىلەرگە شەرىئەتسىز قۇرۇق ئەقىدىنى يەتكۈزدى.

ئىككىنچى پەرق، دىنىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە ئۇنى كىشىلەرگە ئۆگەتكەن دىندارلارنىڭ بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقى؛

مۇسۇلمانلاردا ئالىملار، فەقىھلەر، تەقۋادارلار ۋە سالىھلار بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنى الله تەرەپكە ئۆلگە، چىرايلىق نەسىھەت، ئىلىم ۋە فىقھى ئارقىلىق دەۋەت قىلىدۇ. كىشىلەرنى ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. كىشىلەر ئۇلارغا ئاڭلىق تۈردە ئەگىشىدۇ. كىشىلەر ئالىملارنى بەندە بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە دەپ قارىماستىن، بەلكى، ئۇلارنى مۇئەللىم ۋە تەربىيىچى دەپ قاراپ ئاڭلىقلىق بىلەن دىنغا ئەمەل قىلىدۇ.

ئەمما، ياۋروپالىقلاردا «دىندارلار» بولۇپ، ئۇلار بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلىك رول ئوينايدىغان، دىنىنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقىنى مونوپول قىلىۋالغان

كاھىنلاردۇر. ئەقىل دىنىنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن، ھەر دائىم بىكىنمە ھالەتتە تۇرىدۇ. كاھىنلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن باشقىنى بىلمەيدۇ. كاھىنلار بولسا دىللارغا شىپا بولىدىغان «ھەق»نى سۆزلىمەيدۇ. ئەكسىچە ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ روھى دۇنياسىدا «كاھىنلار يوشۇرۇن ‹سىرلار› نى بىلىدۇ» دەيدىغان ساختا ھۆرمەتكە ئىگە بولۇۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە كاھىنلار ئىلمىي ۋە دىنىي ھەقىقەتلەرنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دەستەك قىلىۋالغان دىنىمۇ - ئۆز خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا - نە توغرا چۈشەنچىنى، نە ئىلاھىي ۋەھيىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئۈچىنچى پەرق، يەنى ئەڭ زور پەرق: تارىخى رېئاللىقنىڭ بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقى؛

مۇسۇلمانلاردا دىن تولۇق ئەمەلىيەتكە ئايلانغان ھەمدە پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ «گۈزەل دەۋر»نى ياراتقان تارىخى رېئاللىق مەۋجۇت.... بۇ پەيغەمبەرلىك دەۋرى، توغرا خەلىپىلىك دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىر داۋاملاشقان خەلىپىلەر دەۋرى بولۇپ، گەرچە مۇسۇلمانلار كېيىنكى دەۋرلەردە ھەقتىن چەتنەپ، توغرا يولدىن ئېغىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق، مۇسۇلمانلار ھاياتىدا دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن ئۇلارنىڭ كۆركەم مەدەنىيەت ۋە يۈكسەك ئىلمىي ھەرىكەتنى قۇرۇپ چىققان تەرىپى ساقلىنىپ قالدى. بۇ ئىككىسى (كۆركەم مەدەنىيەت ۋە يۈكسەك ئىلمىي ھەرىكەت) سىياسى، ھەربى، ئىلمى، پىكرىي، ئەخلاقى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى... قاتارلىق بارلىق ساھەلەردە زور دەرىجىدە كۆچەيدى. تارىخى ھەقىقەتكە ئايلانغان بۇ ئاجايىباتلارنى دۇنيا ئۆز كۆزى بىلەن

كۆرۈپ، ئۆز قولىقى بىلەن ئاڭلىدى.

ئەمما، ياۋروپادا بۇنىڭ ئەكسىچە - بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ - ئۇلارنىڭ ئېڭىدا دىندارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ روھى، ئىقتىسادى، سىياسى، پىكرىي ۋە ئىلمى.... زوراۋانلىقلىرى بىلەن زىچ باغلانغان زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى مەۋجۇت....

مانا بۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ياۋرۇپالىقلارنىڭ رېئاللىقىدىكى ئاخىرقى نەتىجىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقىدىكى ھالقىلىق مەسىلە.

چۈنكى، ھەق دىن ئاددى-ساددىلىقى، ئىنساننىڭ روھى، ئەقلى ۋە جىسمى... قاتارلىق پۈتكۈل مەۋجۇدىيىتىگە خىتاب قىلىدىغانلىقى ۋە ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ئۆزىگە ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزگەرتىلگەن ساختا دىنغا ئوخشىمايدۇ. تېئولوگىيە بۇ ساختا دىننى ئاسانلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانسىرى بۇ دىن شۇنچە مۇرەككەپلەشتى ۋە قېيىنلاشتى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ دىن ھاياتنىڭ بىرلا تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، قالغان تەرەپلىرىنى بوشلۇق ئىچىگە تاشلاپ قويدى.

فەقىھ ئالىملار ۋە تەربىيىچى مۇئەللىملەر يوشۇرۇن سىرلارنى بىلىمىز دەپ دەۋا قىلىدىغان ساختىپەز، ئالدامچى كاھىنلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇزاققا سوزۇلغان پارلاق رېئاللىقمۇ ئون ئەسىرلەپ داۋاملاشقان زۇلمەتلىك رېئاللىققا ئوخشىمايدۇ.

شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئىلگىرى ئۆزلىرى چەتنەپ كەتكەن دىنغا قايتىپ كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بەلكى، تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك

بولغىنى ئۇلارنىڭ بۇ دىنغا قايتىپ كەلمەسلىكىدۇر.

مۇسۇلمانلار بىلەن ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئەھۋالىدا بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نەتىجىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن روشەن پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق، «ئويغىنىش» كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن تولىمۇ تاسادىپىيلىق بولۇپ تۇيۇلدى.

چۈنكى، ئۇلار پەقەت «يىقىتىش ئامىللىرى»غىلا نەزەر سالدى. (ئۇلار بىرىنچى قېتىم ياۋرۇپادا بۇ ئامىللارنى تەجرىبە قىلىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەن ئىدى). ئاندىن بۇ ئامىللار مەۋجۇدىيەتتىكى ھەر قانداق دىننى يىقىتىشنىڭ كاپالىتى دەپ ئويلاپ قالدى.

دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان ساختا، ئاتالمىش «ئىلمىي» نەزىرىيىلەرنى كەڭرى تارقىتىش؛ رېئال تۇرمۇشتا دىنغا ئەمەل قىلمايدىغان، ئىنسان اللە ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇغىدەك دەرىجىدە ئۇنىڭ كۈچى ۋە غايىسىنى ھەۋەس تىزگىنىنىڭ كونتروللۇقىغا تاپشۇرۇدىغان جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش؛ اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمايدىغان مائارىپ پروگراممىلىرىنى يولغا قويۇش؛ كىشىلەرگە دۇنيا مەنپەئەتىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئاخىرەتتىن بەزدۈرىدىغان يولىۇرۇقلارنى تارقىتىدىغان ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش.... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى - پىلان تۈزگۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە - مۇسۇلمانلارنىڭ روھىدىكى دىنىنىڭ ئۇرۇقچىلىرىنى قۇرۇتۇپ، ئۇلارنى مىراس ۋە ئەنئەنىدىن بىر پۈتۈن چېكىندۈرۈشنىڭ كاپالىتى ئىدى.

بىراق، ئۇلار كېيىنكى مەزگىللەردە نامايان بولغان مۇنداق

بىر ھەقىقەتنى بايقىيالمىدى: يەنى دۈشمەنلەر دىنىنىڭ يىلتىزلىرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن تاشلىغان زەھەرلىك «ئۇرۇقچا»لار ئىلگىرى ياۋروپا تۇپرىقىغا چوڭقۇرلاپ كىرگەندەك، ئىسلام تۇپرىقىغا چوڭقۇرلاپ كىرەلمىدى. چۈنكى، ئىككى مىللەتنىڭ رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان زور پەرقلەر مەۋجۇت ئىدى.

* * *

مۇسۇلمانلار بىلەن ياۋرۇپالىقلارنىڭ رېئاللىقىدا بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نەتىجىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن روشەن پەرقلەر مەۋجۇت بولغاندىن سىرت، يەنە باياۋاندا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئەمما، مۇسۇلمانلار دەل ۋاقتىدا ئۇنى بايقىيالماي، كېيىنرەك ھېس قىلغان بىر قانچە خىل سەۋەپلەر مەۋجۇت.

غەربتىن ئىمپورت قىلىنغان تۈزۈملەر ۋە ئاشۇ تۈزۈملەرنى سۆرەپ كىرگەن داھىيلار خەلققە بىر تالاي يالغان ۋەدىلەرنى بەرگەن، دۇمباقچى ۋە سۇنايچىلار بۇنىڭ ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار ئۇممەتنىڭ قىينچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

قارىماققا بىر قىسىم ئىشلاردا يۈكسىلىش مەيدانغا كەلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق، بۇ خىل شەكلى تەرەققىيات باشقا ئىشلاردىكى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتنى يوشۇرۇپ قالالمىدى.

مۇستەملىكە قىلىنغان ئەللەردىن دۈشمەنىنىڭ ئەسكەرلىرى چىقىپ كەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادى نوپۇزى تېخى چىقىپ كەتمىدى. بەلكى، بىر قىسىم

تەرەپلەردە ئۇلارنىڭ نوپۇزى تېخىمۇ ئېشىپ باردى.

كىشىلەر مەكتەپ ۋە ئونىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇپ، «بىلىملىك» بولدى. بىراق، ئۇلار ئىلىمنىڭ مېغىزىنى قويۇپ، شاكىلىنى ئالغاچقا، مۇسۇلمانلار بىلەن غەربلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ئىلىم ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتە زور پەرق ساقلاندى.

«يېڭى ئارمىيە» قۇرۇلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرى غەربنىڭ (دۈشمەننىڭ) قولىدا ئىدى. ئارمىيىنىڭ سانى ۋە كۈچىنى غەرب بەلگىلەپ بېرىدىغان بولغانلىقى، غەربنىڭ مەقستى مۇسۇلمانلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ساقلاپ قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل ئەھۋالدا ھەقىقى كۈچلۈك ئارمىيىنى تەشكىل قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ماگىزىن ۋە ئۆيلەرنى ئىستېمال بويۇملىرى قاپلىدى. بىراق، بۇ قىممەت باھالىق ئىستېمال بويۇملىرى كىشىلەرنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئادەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى تۈگەتتى. ئەمما، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلات ئىمپورت قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى ئەمەلىيەتتىن بەك يىراق ئىدى. (چۈنكى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپلەپ بازارغا كىرىشى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى بارغانسىرى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى تويماس ۋە ئاچكۆز قىلىۋەتتى). بەلكى، ئىقتىساد ئاشقانسىرى پۇللار دۈشمەننىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئەخلاق بۇزۇلدى.... ئەخلاق مەسلىسى تىلغا ئېلىنىسلا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا دەرھال جىنسىيەت ساھەسىدىكى

ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلار پەيدا بولىدۇ. ئەخلاق يالغۇز بۇ بىرلا ساھەدە ئەمەس، بەلكى، قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەم ساھەلىرىدە بۇزۇلدى. ماددىۋى قىممەت كىشىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە مۇئەييەن مۇناسىۋەت جەمئىيەتنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى پارا ئارقىلىق بېجىرىلىدىغان، پارا بولمىسا ئىشلار يۈرۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. خىيانەت تۈپ ئاساسقا ئايلاندى. ئىشەنچ بولسا قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

ئاخىرىدا ئەسكەرلەر كېلىپ، كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا ساقلىنىپ قالغان ھەر قانداق ياخشىلىقنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، شەيتانغا ئوخشاش زېمىندا يامانلىق ئۇرۇقلىرىنى بىخلاندۇردى.

ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈرىكى پەلەستىنىنى يوقۇتۇپ قويدى.

* * *

بىر قىسىم كىشىلەر «ئويغىنىش» بارلىق ساھەرلەردىكى بۇ خىل مەغلۇبىيەتكە قارشى مەيدانغا كەلگەن «ئەكس تەسىر»دىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قارايدۇ.

توغرا، ئىمپورت قىلىنغان تۈزۈملەر، غەربنىڭ قولى بىلەن ياساپ چىقىلغان ۋە ئىسلام ئەللىرىدە بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن سايلانغان «داھىيلار» ھەقىقەتەن مەغلۇب بولدى.

ھېچكىم بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە «ئويغىنىش»قا نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىنى

ئىنكار قىلمايدۇ.

بىراق، كىشىلەر ئۇيغىنىشىنىڭ ھەقىقى يىلتىزىنىڭ تۈزۈملەر ئىمپورت قىلىنىپ، داھىيلار مەغلۇپ بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى.... مەسىلەن، دۈشمەنلەر شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ ئەقىدىنى تۈزىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەرىكىتىنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇش ۋە ئۇنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ ھەرىكەت (گەرچە كەڭ دائىرىدە بولمىسىمۇ) ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇيغىنىشىنىڭ ھەقىقى تۈرتكىسى بولدى.

بىر مەزگىل كىشىلەرگە دەۋەت چەكلىنىپ، ئۇنىڭ بارلىق يوللىرى ئېتىلىپ، ئەتراپقا كېڭىيەلمەيدىغاندەك تۇيۇلغان ئىدى.... بىراق، بۇ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېلىپ بارغان (كىچىك دائىرىدىكى) دەۋىتى بولماستىن، بەلكى، اللە قۇرئاندا تونۇشتۇرغان مىسلىسىز دەۋەت ئىدى.

{أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلاً كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا ..}

«اللەنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان. پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ①».

اللە كەلىمە تەييىبىدە ئامانەت قويغان ھەق، كۈچ ۋە بايان

① سۈرە ئىبراھىم: 24- 25- ئايەت.

سەۋەپلىك بۇ دەۋەت ئىزچىل كېڭىيىپ بارىدۇ. بۇ كەلىمىنى مۇئمىن قەلب ئۇستىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇ (كەلىمە) مۇئمىنىنىڭ قەلبىدە يورۇيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ نۇرى ئەتراپقا كېڭىيىدۇ.

دۈشمەنلەر بۇ كەلىمىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى مەلۇم مەزگىل پەسىيىپ قالىدۇ، بىراق، ئۇ يەككە-يىگانە، قۇدرەتلىك اللەنىڭ ئىزنى بىلەن قايتىدىن جانلىنىدۇ.

* * *

كىشىلەرنى ئۇلار غەرق بولۇپ كەتكەن باياۋاندىن چىقىرىشنى ۋە غەربتىن ھەيران قالغان مەزگىلدە تېگىرقاپ، تاشلاپ كەتكەن ئەسلىدىكى يولغا قايتۇرۇشنى نىشان قىلغان «مۇبارەك ئويغىنىش» مەيدانغا كەلدى.

بەلكى، مەغلۇبىيەت ۋە ھەيرانلىقتىن ئىلگىرىلا دەۋەت يولىنى قاپلاپ، دۆۋە-دۆۋە بولۇپ كەتكەن چاڭ-توزانلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن كەلدى.

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى اللەنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ۋە سەلەف-سالىھىنلارنىڭ يولىغا قايتىش ئارقىلىق دىنىنى ئەسلىدىكى ساپ ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن كەلدى.

دىنىنى قەلبىدىكى ھېس-تۇيغۇ ۋە تىل بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان قۇرۇق سۆزگە ئەمەس، بەلكى، رېئال تۇرمۇشقا ئايلاندۇرغىلى كەلدى.

يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى «لا إلــه إلا الله»نىڭ تەلەپلىرى بويىچە تەربىيىلەش ئۈچۈن كەلدى.

ۋەزىپە قىيىن، مۇساپە ئۇزۇن... يولدا داۋانلار كۆپ...

كۆپلىگەن كىشىلەر: «ئويغىنىش يولىدىكى داۋان تاشقى دۈشمەنىنىڭ ئۇرۇشى» دەپ قارايدۇ.

توغرا، تاشقى دۈشمەنىنىڭ ئۇرۇشى ھەقىقەتەن دەھشەتلىك.... چۈنكى، بۈگۈن پۈتكۈل دۇنيا ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تويلاندى.... پۈتكۈل خرىستىئان دۇنياسى، پۈتكۈل يەھۇدىي دۇنياسى، پۈتكۈل شىرىك (بۇددىزم) دۇنياسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەھۇدى-خرىستىئانلارنىڭ ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مالايلىرى ئىسلامغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن «تور» ھاسىل قىلدى. بۇ مالايلارنىڭ رولى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇلار دەۋەتكە كالتەك، توقماق، ئوت، تۈرمە، قىيىن-قىستاق ۋە دەۋەتنىڭ سۈرىتىنى سەتلەشتۈرىدىغان ئاخبارات ۋاستىلىرى ھەمدە كۆڭۈلگە كەچكەن ۋە كەچمىگەن بارلىق سۈيىقەستلەر بىلەن دەۋەتكە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ.

بىراق، بۇ يەردە «ئويغىنىش»نىڭ يولىنى توسىدىغان يەنە بىر قانچە داۋانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىش كۈچىنى ئاشۇ ئۇرۇشلاردىن تۆۋەن دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

يەھۇدى-خرىستىئانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئىلگىرىلا دەۋەت يولىدا ئەقىدە، تەسەۋۋۇر ۋە ھەرىكەتتىكى ئېغىپ كېتىشتىن ئىبارەت ناھايىتى كۆپ «دۆۋىلەر» پەيدا بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىن خەۋەر قىلغاندەك بۇ دۆۋىلەر ئىسلام زېمىنىدا ئىسلامنى غېرىب ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدى.

«بدأ الإسلام غريبا وسيعود غريبا كما بدأ»

(ئىسلام غېرىب ھالەتتە باشلاندى. ئۇ غېرىب ھالىتىدە

باشلانغاندەك غېرىب ھالىتىگە قايتىپ كېلىدۇ①).

بۇ يەردە باياۋاندىكى مەزگىلدە كىشلەرنى ئازدۇرغان، نەتىجىدە كىشلەر ھەممە ساھەلەردە باياۋانغا ئىچكىرلەپ كىرىپ كەتكەن ئىدىيۋى ھۇجۇمنىڭ «دۆۋىلىرى» مەۋجۇت.

بۇ يەردە كۆپلىگەن كىشلەرنىڭ ئىگى ۋە تەسەۋۋۇرىدا ئۆزگەرتىشنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغان «رېئال ئەمەلىيەت»نىڭ بېسىمى مەۋجۇت.

بۇ يەردە ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان يولدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى ئېنىق بىلمەسلىك مەۋجۇت.

ئۇنىڭدىن باشقا دەۋەت ئېلىپ بېرىۋاتقان جامائەتلەرنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى، ئىناقسىزلىقى ۋە بىرلىككە كېلەلمەسلىكى ھەمدە جامائەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان «چوڭ رەھبەرلىك»نىڭ مەيدانغا كەلمەسلىكى....دەك داۋانلار مەۋجۇت.

گەرچە ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، بىراق، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

* * *

ئويغىنىش ھەرىكىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ياشلار كەم دېگەندە قىيىنچىلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەل قىلىش چارىسىنىڭ ماھىيىتىگە قارىتا بەلگىلىك ئۇسۇللارنى ئاڭلىق تۈردە بىلىپ يەتتى.

ئىسلام دۇنياسىنى قاپلىۋالغان قاتماللىق، ئاجىزلىق، قالاقلىق ۋە چېكىنىش... قاتارلىقلار قانداقتۇر كىشلەر

---

① ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئويلىغاندەك ۋە باياۋان مەزگىلىدە بىر قىسىم كىشىلەر «راست» دەپ ئىشەنگەندەك ھەرگىزمۇ دىنغا چېك ئېسىلىشنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى، كىشىلەرنىڭ دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ھەل قىلىش چارىسى بىر قىسىم ئېقىملارغا ئوخشاش دىننى چۆرۈپ تاشلاش ۋە غەربكە ئەگىشىش بولماستىن، بەلكى، دىنغا قايتىش ئىدى.

بۇ مەسىلە ـ ئۆزىنىڭ بەلگىلىك سۈرىتىدە ـ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ياشلارنىڭ ئېڭىدا پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىپ كەتتى. ئاۋام خەلققە شۇلاردىن تارقالدى. مانا ئەمدى كىشىلەر ئىدىيۋى ھۇجۇمنىڭ دەۋەتچىلىرى، ئەلمانىيلىققا چاقىرغۇچىلار ۋە غەرب پرىنسىپى بويىچە «ئاقارتىش»نى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەس بولدى. بەلكى، كىشىلەر قۇلاقلىرىنى ئۇلاردىن قايتۇرۇپ، ئىسلامى چاقىرىققا يۈزلەندى. ئىسلامى كىتابلارنىڭ تارقىلىشى ئەڭ تېز بولغان «بازارلىق كىتاب»لارغا ئايلىنىشى، ئىسلامى دەرس ۋە ئىسلام لېكسىيىلىرى سۆزلەنگەن سورۇنلارنىڭ كىشىلەر ئەڭ كۆپ جۇغلىشىدىغان سورۇنلارغا ئايلىنىشى دۈشمەننىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقى بولۇپ قالدى.

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ياشلىرى شۇنى ئېنىق بىلىپ يەتتىكى، كىشىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان، ئېغىپ كەتكەن رېئاللىقنى ئۆزگەرتىدىغان ۋە غايىپ بولغان ئەمەلىيەتنى قايتا مەيدانغا كەلتۈرىدىغان «لا إله إلا الله» تىل بىلەن ئېيتىپ قويىسلا بولىدىغان قۇرۇق سۆز ئەمەس.

بەلكى، ئۇ سۆز، قەلبكە لىق تولغان ئىشەنچ ۋە «لا إلــه إلا الله»نىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئەمەل قىلىشتۇر.

ئــويغىنىش ھەرىكىتىنىــڭ ياشــلىرى روھــى تەربىيىنىــڭ ھەقىقەتەن زۆرۈرلىكىنى، بىراق، بۇ تەربىيىنىڭ ئـۆز ئورنىـدا «يامانلىق»نى يوقۇتۇپ، «ياخشىلىق»نى تۇرغـۇزۇش ئۈچـۈن ھەرىكەتكە ۋە جىھادقـا ئايلانمـاي، ئەكـسىچە دىنـى تۇيغـۇنى يوقۇتۇدىغان مەۋھۇم روھى ئەللەيلىتىش يـولى بىـلەن ئېلىـپ بېرىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ يەتتى.

ئىــسلام دۇنياســىنىڭ كـۆپلىگەن جايلىرىــدىكى مۇســۇلمان ئاياللار گەرچە ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ دەۋەتچىلىرى ۋە شەھۋات پاتقىقىغـا غەرق بولغـان چۈشـكۈن ئەر-ئايـاللار «ھىجـاب»قـا قارشى زەھەرلىك تەشۋىقاتلارنى ئېلىـپ بېرىۋاتقـان بولـسىمۇ، بىراق، ھىجابنىڭ دىنىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ يەتتى.

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ياشـلىرى خىلمۇ-خىـل ئاخبـارات ۋاســتىلىرى ئــارقىلىق ئۆلارغــا ســۇنۇلۇۋاتقان زەھەرلىــك مەدەنىيەتنىــڭ مۇســۇلمان ئەۋلادلارنــى قــۇرۇپ چىقىــشقا يارايــدىغان ياخــشى ئــوزۇق بولالمايــدىغانلىقىنى، ئــۆز پرىنـسىپلىرىنى ھـازىرقى زامـان جـاھىلىيەت تەسـەۋۋۇرىدىن ئەمەس، بەلكــى، ئىــسلامى تەســەۋۋۇردىن ئالىــدىغان ئەسـلىدىكى ئىـسلامى مەدەنـىيەت بولـۇش لازىملىقىنـى ئېنـىق بىلىپ يەتتى.

ئومـۇمەن ئىجتىمـائى پەنــلەر، خۇسۇســەن پېــداگوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق دەپ ئاتىلىدىغان پەنـلەر پرىنــسىپ نۇقتىــسىدىن ئوبيېكتىــپ ھالــدا مۇســۇلمانلار مەسىلىسىنى چىقىش قىلغان پەنلەر ئەمەس. گەرچە ئىدىيىۋى

ھۆجۈمنىڭ دەۋەتچىلىرى ئاشۇ پەنلەر «ئىنسان» ۋە «ئىنسانى ھايات» مەسىلىسىدىكى تۈپ «نۇقتىئىنەزەر» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق، شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈركى، ئۇ ئاتالمىش پەنلەر ئالدى بىلەن ئۇنى «ئىجاد» قىلغان كىشىلەرنىڭ «ئىلاھ» مەسىلىسىدىكى مەيدانى ھەمدە ئۇلارنىڭ كائىنات، ھاياتلىق ۋە ئىنسان بىلەن كائىنات، ھاياتلىق ۋە ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى بولغان اللە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىغا بولغان تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. غەربتىن كەلگەن بۇ پەنلەر اللە بىلەن قارشىلىشىش روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خىل روھ غەرب ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار ئۆز مەسىلىسىدە بۇ پەنلەرنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى، ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە ئىسلامى پەنلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى لازىم.

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ياشلىرى جازانىۋى ئىقتىسادنىڭ شەكسىز ھاراملىقىنى، گەرچە يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر بۇنىڭ توغرىلىقىغا قارىتا ھەرخىل پاكىت ۋە ھۆججەتلەرنى كەلتۈرۈشكە كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق، مۇسۇلمانلار جازانىۋى ئىقتىسادنى يولغا قويغان چاغدا، بۇنىڭ ئۇلارنىڭ پىشانىسىدىكى نومۇس تامغىسى بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىقتىساد ساھەسىدە «ئىسلام ئىقتىساد تۈزۈمى»نى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى.

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ياشلىرى ھەممىدىن مۇھىمى اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىنىڭ ئەقىدىگە

زىچ باغلىنىدىغانلىقىنى، ئەگەر بىز اللەنى قويۇپ ئۆزى خالىغانچە ھالال ۋە ھارام قىلىدىغان قانۇنغا رازى بولساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ شەكسىز مۇسۇلمان بولالمايدىغانلىقىمىزنى ئېنىق تونۇپ يەتتى.

ئىسلام دۈشمەنلىرى گەرچە بۇ پرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىگە تاياق-توقماق، قىيىن-قىستاق، سۈرگۈن، ئازاپ-ئوقۇبەت ۋە تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، بۇ پرىنسىپلار بەلگىلىك رەۋىشتە ئاۋام خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتتى.

* * *

بىز بۇ يەردە ئويغىنىش ھەرىكىتى مەيدانغا كەلتۈرگەن ۋە كەلتۈرمىگەن ئىشلار ھەققىدە تەپسىلى سۆزلىمەيمىز. بىز پەقەت ئويغىنىشنىڭ كۆرۈنۈشى ھەققىدىلا قىسقىچە توختىلىمىز.

ئويغىنىش دېمەك مۇشۇ ئۇممەتنىڭ تەبىئى يۈرەك سوقۇشىغا قايتىشى دېمەكتۇر. شۇڭا ئەجەپلىنەرلىك بولغىنى ئۇممەتنىڭ تەبىئى يۈرەك سوقۇشىغا قايتىپ كېلىشى ئەمەس، بەلكى، بىر چاغلاردا ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىدۇر.

ئىسلام ئىنسان تەبىئىتىنىڭ دىنىدۇر.

{فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفاً فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ}

«باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، اللەنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اللە ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللەنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ

توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ①».

ئالدىنقى ئەسىرلەردە كىشىلەرنىڭ توغرا يولدىن ئېغىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر② قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئىسلام ھەرىكىتى ئۇلارنى توغرا يولغا قايتۇرۇش ئۈچۈن كەلدى.

ئىسلام ئىسلام ھەرىكىتى ئاللاھ تەرەپتىن تەقدىر قىلىنغان ئىلاھى تەقدىر بولۇپ، ئۇ ئۇممەتنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئۇنى باياۋاندىن چىقارغىلى؛ زېمىندا يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغىلى ھەمدە غەرب مەدەنىيەت قۇياشىنىڭ پاتىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىنسانىيەتكە جاكارلىغىلى كەلدى.

بۇ ھەرگىزمۇ تارىخ بېتىدىكى پارچە-پۇرات قۇرلار ئەمەس، بەلكى، بۈيۈك بىر تارىخى ھادىسىدۇر.

* * *

گەرچە ئىسلام ھەرىكىتى ناھايىتى تارقاق ۋە چېچىلاڭغۇ بولسىمۇ، يولدا ئۇنى ھەر تۈرلۈك داۋانلار ماراپ ياتسىمۇ، بىز يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، ئەمما، ئۆزىمىزنىڭ تېخىچە يولنىڭ بېشىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئېنىق بىلىپ تۇرساقمۇ، بىز يەنىلا بۇ مۇبارەك ئىسلامىيەتتىن خۇشاللىنىۋاتىمىز.

ئىسلام - اللەنىڭ ياردىمى بىلەن - ھەر قانداق چېچىلاڭغۇلۇق ۋە داۋانلاردىن كۈچلۈك!.

گەرچە ئىسلام ھەرىكىتى رېئال دۇنيادا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالمىغان ۋە كۆپرەك خۇش

① سۈرە رۇم: 30- ئايەت.

② مۇشۇ سەۋەبلەر ھەققىدە «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق ئەسەرنىڭ «ئېغىپ كېتىشنىڭ باشلىنىشى» ۋە «ئېغىپ كېتىشنىڭ تەسىرلىرى» دېگەن بۆلۈملىرىدە تەپسىلى سۆزلەندى. (ئاپتوردىن).

بىشارەتلەرنى بېرەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنى ماراپ ياتقان بۇ ئۇرۇش قانداقتۇر ئۇنى ماراش ئۈچۈنلا يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ئۇرۇش ئەمەس. بىز بوسنىيە گېرتسېگوۋىنادا كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك يەھۇدى-خرىستىئان دۇنياسىنىڭ بۇ مۇسۇلمان خەلقنى يوقۇتۇش ئۈچۈن بۇ قەدەر بىرلىكتە توپلىشىشىمۇ ئوخشاشلا يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان توپلىشىش ئەمەس.

دۈشمەنلەر بۇ دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

{الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ ..}

«بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ ①».

ئۇلار شۇنى بىلىدۇكى، ئەگەر دىن قەلبلەردە ئويغانسا، ئۇ ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەنلىرىنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلالايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن الله بۇ دىندا ئامانەت قويغان ھەقنىڭ كۈچى، ئىنسان تەبىئىتىدىن ئىبارەت زاپاس بايلىق ۋە ئىشەنچىنىڭ كۈنسىرى چوڭقۇرلاپ بېرىشى... بىلەن زېمىندا كۈچىيىپ قۇدرەت تېپىشقا قادىر بولالايدۇ.

مانا بىز مۇشۇنىڭدىن خۇشاللىنىۋاتىمىز، بىز ئۇنى «بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان كېلەچەك»تە كۈتۈۋاتىمىز!.

---

① سۈرە بەقەرە: 146- ئايەت.

## بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان كېلەچەك

بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان كېلەچەكنىڭ يولى گۈل-چېچەكلەر بىلەن ئورالغان بولماستىن، بەلكى، شوخا-تىكەن، دەرد-ئەلەم ۋە قان-ياشلار بىلەن تولغان. يولغا شەھىدلەرنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن.

بۈگۈن پۈتكۈل دۇنيا يەر شارىدىن ئىسلامنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بىرلىكتە تۈپلاندى.

ئەمەلىيەتتە بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن باشلاپ تا بۈگۈنگىچە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامنى يوقۇتۇشنى نىشان قىلغان تۇنجى قېتىملىق توپلىنىشى ئەمەس. الله بۇندىن ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

{يُرِيدُونَ لِيُطْفِئُوا نُورَ اللَّهِ بِأَفْوَاهِهِمْ وَاللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ}

«ئۇلار اللهنىڭ نۇرىنى (يەنى اللهنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر) ①».

{يُرِيدُونَ أَنْ يُطْفِئُوا نُورَ اللَّهِ بِأَفْوَاهِهِمْ وَيَأْبَى اللَّهُ إِلَّا أَنْ يُتِمَّ نُورَهُ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ}

«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) اللهنىڭ نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان -

① سۈرە سەف: 8- ئايەت.

ياۋىداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ اللە ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ ①».

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىكى «ئۇلار» دېگەن ئالماش بۆگۈن اللەنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشنى مەقسەت قىلىۋاتقان يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار، مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇناپىق مالايلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

{وَلَنْ تَرْضَى عَنْكَ الْيَهُودُ وَلا النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ}

«سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ ②».

{وَلا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا}

« ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ ③».

{أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ تَوَلَّوْا قَوْماً غَضِبَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مَا هُمْ مِنْكُمْ وَلا مِنْهُمْ وَيَحْلِفُونَ عَلَى الْكَذِبِ وَهُمْ يَعْلَمُونَ}

«اللەنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى ئۇلارنىڭ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سىلەرگىمۇ ۋە ئۇ قەۋمگىمۇ (يەنى يەھۇدىيلارغىمۇ) مەنسۇپ ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ ④».

بىراق، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھازىرقى ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن ئىلگىرىكى

① سۈرە تەۋبە: 32ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 120ـ ئايەت.
③ سۈرە بەقەرە: 217ـ ئايەت.
④ سۈرە مۇجادەلە: 14ـ ئايەت.

ئۇرۇنۇشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، ئىلگىرىكى ئۇرۇنۇشلاردا بىر قىسىم دۈشمەنلەر بىرلا ۋاقىتتا پەقەت ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر ياكى بىر قانچە بۆلىكىگە ھۇجۇم قىلاتتى. ئەمما، بۇ قېتىم ھۇجۇم بىرلا ۋاقىتتا بارلىق دۈشمەنلەر تەرىپىدىن پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا كېلىۋاتىدۇ.

يەنە بىر پەرق، يەنى تۇنجى پەرقنىڭ مەۋجۇد بولۇشىدىكى ماھىيەتلىك سەۋەپ شۇكى، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ھېچقاچان بۆگۈنكىدەك ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان.

ئىسلام دۇنياسى ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىدىيىۋىي جەھەتتە دۈشمەنگە تولۇق تەسلىم بولغان، ئوڭ ۋە سول يۈزىگە ئارقا-ئارقىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان كاچاتلارغا رەددىيە قايتۇرۇشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان دەرىجىدە شۇنچىلىك ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، بىراق، دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان دەھشەتلىك ھۇجۇمنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى گاھىدا كىشىگە بىر غەلىتە ئىشتەك تۇيۇلىدۇ.

بىراق، بۇنىڭ ھەقىقى سەۋەپلىرىنى ئېنىق بىلسەڭ، ئەنە شۇ چاغدا بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلمايسەن.

پۈتكۈل ئىسلام دۈشمەنلىرى، ھەتتا، سېرىبلار بىلەن خورۋاتلارغا ئوخشاش ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مۇددىئاسىدا بىرلەشكەن، ئەمما، باشقا ھېچقانداق ئامىل ئۇلارنى بىرلەشتۈرەلمەيدىغان ئۆز-ئارا دۈشمەن مىللەتلەرنىڭمۇ بىرلىشىپ ئىسلامغا ھۇجۇم قوزغىشىنىڭ كەم دېگەندە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار:

بىرىنچى سەۋەپ شۇكى، ئالدىنقى ئىككى ئەسىردە ئىسلامغا

قارشى سۇيىقەست قىلغان، ئىنچىكە ۋە پۇختا پىلانلارنى تۈزگەن ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلامنى تەلتۆكۈس يوقۇتىمىز، تارىختىن بىرى بىزگە ئارام بەرمەي كەلگەن بۇ «دۈشمەن»دىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلىمىز دەپ ئويلىغان ئىدى. ئاخىرى ئۇلار ئويلىغىنىدەك ئوسمانىيە دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. «كېسەل كۆرپىسى①» قالدۇرۇپ كەتكەن «مىراسلار»نى كىچىك، ئاجىز، نامرات، بىچارە ھەمدە بىر-بىرىگە دۈشمەن دۆلەتلەرگە ئايلاندۇردى. ئۇلار تارىختىن بۇيان تۈنجى قېتىم مۇسۇلمانلارنى بۇ قەدەر قاتتىق مەغلۇب قىلىپ، ئىسلام ئۈستىدىن ئەڭ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. مۇۋەپپەقىيەتتىن خۇشاللىنىپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاشتى ۋە غەلىبىنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈشكە باشلىدى.

ئويغىنىش تۇيۇقسىز پارتىلىدى!

گەرچە دۈشمەنلەر ئويغىنىشنىڭ ئورنى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولسىمۇ، بىراق، ئويغىنىش ھادىسىسىنىڭ بۇ خىل ھالەتتە يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى ئاللىقاچان دۈشمەننىڭ زېھنىدىن يوقالغان ئىدى.

1907-يىلى لوۋرد كامبېل دوكلاتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى (لوۋرد كامبېل ئەينى چاغدىكى بۈيۈك برىتانىيە لوۋرىدات② ئەزالىرىنىڭ بىرى). ئۇنىڭغا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەرەب رايونلىرىدىكى مۇستەملىكچى دۆلەتلەرنى بىئارام قىلىۋاتقان ئويغىنىش ئالامەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، ئەھۋالنى تەتقىق

① دۈشمەنلەر سۇلتان ئابدۇلھەمىدخاننى «كېسەل كۆرپىسى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە ئۇنى دۈشمەننىڭ تىلى بىلەن ئاتىغان بولۇپ، ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ يىقىلغاندىن كېيىنكى ھالىتىنى «كېسەل كۆرپىسىنىڭ مىراسلىرى»غا ئوخشىتىدۇ. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

② «لوۋرىدات» دېگەن سۆز «فېئودال خوجا، يانچىدار، بارون، فېئودال يەر ئىگىسى، پومېشچىك، زېمىندار، خوجايىن» قاتارلىق كۆپ مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ، ئۇ ئەينى چاغدا بۈيۈك برىتانىيىدىكى بىر قىسىم شەخس ۋە تەشكىلاتلارنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

قىلدى. ئۇ ماھىيەتتە بارلىق مۇستەملىكچى دۆلەتلەرگە، خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەرەب بۆلىكىدىكى ئاساسلىق كونترول قىلغۇچى ئىككى كۈچ بولغان برىتانىيە بىلەن فرانسىيەگە قارىتىلغان دوكلاتىنى سۇندى. ئۇ دوكلاتىدا مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە بىر خەلق بار، ئۇ دېڭىز قولتۇقىدىن ئوكيانغىچە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ تىلى بىر، دىنى بىر، زېمىنى تۇتاش، تارىخى ئورتاق. ئۇ ھازىر بىزنىڭ چاڭگىلىمىزدا. بىراق، ئۇ مىدىرلاشقا باشلىدى. ئەگەر ئەتە گىگانت ئويغىنىپ قالسا، بىزنىڭ تەقدىرىمىز قانداق بولار؟». لوۋرد كامبېل بۇ سوئالغا قارىتا مۇستەملىكچىلەرنى خاتىرجەم قىلىدىغان بىر جاۋاپ بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىزگە دوست، ئۇلارغا دۈشمەن بولىدىغان تاجاۋۇزچى دۆلەتتىن بىرنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق بۇ خەلقنىڭ باغلىنىشچانلىقىنى ئۈزۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. ھەر قاچان گىگانت ئورنىدىن تۇرماقچى بولسا، ئۇ تاجاۋۇزچى دۆلەت تىكەنگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ پۇتىغا سانچىلىپ، ئۇنى ئورنىدىن دەس تۇرغىلى قويمايدۇ①».

بۇ تاجاۋۇزچى دۆلەت ئىسرائىلىيە بولۇپ، ئۇ يەھۇدى-خرىستىئانلارنىڭ ئىسلامغا قارشى پەيدا قىلغان سۇيىقەستىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىراق، مۇستەملىكچىلەر كامبېل كۆرسىتىپ ئۆتكەن «گىگانتنىڭ مىدىرلاشقا باشلىغانلىقى»دەك يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان «ئويغىنىش»قا قارىتا ئىسرائىلىيىنى پەيدا قىلىش بىلەنمۇ بولدى قىلمىدى. بەلكى، ئۇلار ئاخىرقى ھېساپتا شۇنچە ئېھتىيات قىلسىمۇ، بىراق، ھامان

---

① قاھىرە ئەرەب ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەشۋىقاتلىرىدىكى لوۋرد كامبېل دوكلاتىغا قاراڭ! (ئاپتوردىن).

پارتىيىدىغان خەلقنىڭ غەزىپىگە قارىتا، غەزەپنى بېسىقتۇرۇپ، ئۇنى بىر دەمدىلا يوقۇلىدىغان سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكچىلەرگە ئايلاندۇرىدىغان ئاتالمىش «داھى» ۋە «رەھبەر»لەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئاتالمىش «سىياسى» داھىيلار، ئاتالمىش «خەلقچىل» رەھبەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنىڭ قىلچىلىك دەخلى-تەرزگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. ۋەھالەنكى، خەلقلەر بولسا دۆلەتلىرىنى ھالاكەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئاتالمىش «قەھرىمانلار»غا ئالقىش ياڭراتماقتا ئىدى.

كىنو، تىياتىر، رادىئو (تېلىۋېزور تېخى مەيدانغا كەلمىگەن)، گېزىت-ژورنال، مائارىپ پروگراممىلىرى ۋە ئاياللار ئازاتلىقى.... قاتارلىقلار كىشىلەرنى غەپلەتكە تاشلاشنىڭ ناھايىتى ياخشى ئامىللىرى ئىدى.

دۈشمەنلەر قانچىلىك توسقۇنلۇق قىلىشتىن قەتئىينەزەر ئويغىنىش مەيدانغا كەلدى.

ئىسلامنى يوقۇتۇش ئۈچۈن پىلان تۈزگەنلەر ۋە مۇشۇ پىلانىمىز بويىچە ئىسلامنى تەلتۆكۈس يوقۇتىمىز دەپ ئويلىغانلار ئەمدى نېمىلەرنى قىلار؟!

ئەمما، ئىككىنچى سەۋەپ، يەنى دۈشمەننىڭ مۇشۇ دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇيدىغانلىقى، ئەگەر ئويغىنىش قەلبلەردە چوڭقۇر ئورۇنلاشسا، ئۇنى توختىتىشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت - ئويغىنىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان - ئىككىنچى سەۋەپ... نى بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

بىز دۈشمەنلەرنىڭ ئىككى ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بىرى ئىسلامنى يوقۇتۇش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىنىڭ مەغلۇب بولغىنى ئۈچۈن ئاچچىق يۇتۇپ بوغۇلاۋاتقانلىقى ۋە ئەگەر ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى يەر شارىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە كېڭىيىپ كەتسە، ئۇ چاغدا «ئىسلامىي ئويغىنىش»نىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدىغان «مەنپەئەت»ىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى... دىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى سەۋەپتىن شۇنى ئېنىق بايقايمىزكى، بۈگۈن پۈتكۈل يەر شارىدا ئىسلام دۈشمەنلىرى تەلۋىلەرچە ساراڭلىق بىلەن ئىسلام ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندى.

ئەگەر مۇشۇ «مەنپەئەتلەر» يوللۇق ياكى ئەقىلگە ئۇيغۇن بولغان بولسا، ئۇنداقتا، دۈشمەن ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى قالمايتتى. چۈنكى، ئىسلام مۇسۇلمانلارنى ئەھلى كىتابلار (يەھۇدى-خرىستىيانلار)غا ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

{.. وَقُلْ آمَنْتُ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ مِنْ كِتَابٍ وَأُمِرْتُ لِأَعْدِلَ بَيْنَكُمُ اللَّهُ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ لَنَا أَعْمَالُنَا وَلَكُمْ أَعْمَالُكُمْ ..}

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «الله نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، الله بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر①» .

بىراق، ئۇلارنىڭ گاھى ئاشكارىلاپ، گاھى يوشۇرۇۋاتقان

① سۈرە شۇرا: 15- ئايەت.

«مەنــــپەئەت»ى يەر شــــاردا ئــــسلامنىڭ مەۋجـــۇت بولماســـلىقىدۇر. (ئـــۇلار بۇنىڭـــدىن باشـــقىنى خالىمايـــدۇ، ئىـــسلامنىڭ مەۋجـۇت بولۇشـىغا زادىـلا چىـداپ تۇرالمايـدۇ. چــۈنكى، ئىــسلام ئۆزىنىــڭ ئادالەتلىــك تــۈزۈملىرى بىــلەن يەھۇدى ـ خرىستىئانلار، مۇشرىكلار ۋە ئاتېئىزىمچىلارنىڭ بىـر سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقا سىـنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئايــاغ ئاســتى قىلىــدىغان زۇلــۇم ۋە زوراۋانلىــق ئاساســىغا قۇرۇلغـان تـۈزۈملىرىنى ئاغـدۇرۇپ تاشـلاپ، ئۇنىـڭ ئورنىغـا ئادالەتلىك ئىلاھى تۈزۈمنى ئورنىتىدۇ).

{.. وَيَأْبَى اللَّهُ إِلَّا أَنْ يُتِمَّ نُورَهُ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ}

«... كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقـدىردىمۇ الـله ئـۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ①».

* * *

ئەگەر بىــز بــۇ دەھـــشەتلىك ھۇجۇمنىـــڭ ســـەۋەبىنى چۈشـەنگەن ۋە ئىـسلام ھەرىكىتىنــى يوقۇتــۇش ئۈچــۈن بــۇ ھەرىكەتــكە تەلــۋىلەرچە ســاراڭلىق بىــلەن بېرىلىۋاتقـــان زەربىنىــڭ ســىرىنى ئېنىــق بىلــگەن بولــساق، ئۇنــداقتا بىــز بۇلاردىن يىراق ياكى يېقىن كەلگۈسىدە نېمىلەرنى كۈتىـشىمىز مۇمكىن؟!

بىز تولۇق ياخشىلىقنى كۈتىمىز!

بىـز بـۇ گەپنـى كـۆڭلىمىزدىكى گـۈزەل ئارزۇلارغـا تايىنىـپ ئەمەس، بەلكـى، اللەنىــڭ ۋەدىــسىگە ۋە الــله يەر شــاردا ئىنـــسانلارنىڭ ئىـــشلىرىنى ئـــۇ ئـــارقىلىق يۈرگۈزىـــدىغان «قانۇنىيەت»لەرنىڭ تەلىۋىگە ئىشىنىپ ئېيتىۋاتىمىز.

① سۈرە تەۋبە: 32 ـ ئايەت.

ئەمما، غەرب خرىستىئانلىرى، يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ مالايلىرى قاتتىق ھاماقەتلىك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «مەنپەئەت»ىگە قارشى ئىش قىلىۋاتىدۇ.

چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ تەلۋىلەرچە سارائلىقى ئاخىرقى ھېساپتا ئۇلارغا مەڭگۇ باش ئەگمەيدىغان بىر ئەۋلاد كىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ «پىلان» ئۇلارنىڭ غاپىللىقى ۋە اللەنىڭ تەدبىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئورۇندىلىۋاتىدۇ. گويا اللەنىڭ تەقدىرى ئاشۇ بىر ئەۋلاد كىشلەرنى ئۇلارنىڭ قوللىرى ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى ھەيدەۋاتقاندەك!....

ھەر دائىم كىشلەرنىڭ ئېڭىدا ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق تەڭلەشكەن ياكى ئۆلۈش ياشاشتىن ئاسانراق بولغان چاغدا پارتلاش يۈز بېرىدۇ.

تارىختىكى ھەر قانداق پارتلاشنى غەزەپلىك دولقۇننى يوقۇتۇش ئۈچۈن قىلىنغان تەلۋىلەرچە سارائلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. چۈنكى، تاغۇتلار ھەر دائىم بۇ دولقۇننى قىيناش ۋە ئازاپ بىلەن يوقۇتالايمىز دەپ ئويلىشىدۇ.

بۈگۈن پۈتكۈل يەر شارىدا، جۈملىدىن بوسىنىيە - گېرىتسېگوۋىنادا، كەشمىردە، پەلەستىندە، بىرمادا، تاجىكىستاندا ۋە قاراڭغۇ كامىرلادا مۇسۇلمانلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان دەھشەتلىك ئازاپ-ئوقۇبەت ۋە قانلىق جازالار ئاخىرقى ھېساپتا ياغاچتەك قاتتىق، ئىرادىلىك، بويسۇنماس، باتۇر، چىدامچان، يەر شارىدا اللەنىڭ دىنى بىلەن اللەنىڭ دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان كۆرەشنىڭ ماھىيىتىنى ئاڭلىق تۈردە

بايقىيالايدىغان بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

مانا بۇ نەتىجە ئەلۋەتتە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ «مەنپەئەت»ىگە پۈتۈنلەي قارشىدۇر.

ئەگەر ئۇلار بۇنى بىلەلىگەن بولسا، ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغان بولاتتى....

{وَلَوْ شَاءَ رَبُّكَ مَا فَعَلُوهُ}

«ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى ①».

بىز «بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنانىڭ جاپا-مۇشەققىتىدىن خاتىرىلەر②» ناملىق كىتابىمىزدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىسلام قايسى خىل يول بىلەن بولمىسۇن كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىر بولسا ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن تەمكىنلىك ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان تىنچ دولقۇنلار ئارقىلىق كېلىۋاتىدۇ، بىر بولسا رادىكاللىق قىلىشقا مەجبۇرلىنىۋاتقان ۋە يولدا تېز قەدەم بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان غەزەپ-نەپرەتكە تولغان دولقۇنلار ئارقىلىق كېلىۋاتىدۇ.

بىز مەزكۇر كىتابتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەمكىنلىك ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان تىنچ دولقۇنلارنىڭ خىزمىتى گەرچە نەچچە ئەۋلادقا سوزۇلۇپ كەتسىمۇ، بىراق، بىز ئۇنى مىڭ ھەسسە ئارتۇق ھېساپلايمىز.

ئەپسۇس! غەرب ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ ھاماقەتلىكىگە نېمە چارە بولسۇن!؟

* * *

① سۈرە ئەنئام: 112- ئايەت.

② دروس من محنة البوسنة والهرسك

ئەگەر دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك بولسا، ئۇنداقتا، «ئويغىنىش»نىڭ ئەھۋالى قانداق؟!

ئەگەر بىز ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مۇساپىسىگە قايتساق، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شۇنى ئېنىق بايقايمىزكى، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تەسىرلىرى مەيدانىدا روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. بىراق، بۇ ھەرىكەت بىر قىسىم تەرەپلەردە ئالدىراڭغۇلۇق قىلدى، بىر قىسىم تەرەپلەردە بولسا سۈرەلمىلىك قىلدى، يەنە بىر قىسىم تەرەپلەردە بولسا يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدى....

بىز بۇ سەھىپىلەردە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى سۆزلەپ بولالمايمىز① شۇنداقتىمۇ، بىزنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمىزنى يورۇتۇپ بېرىدىغان كۆرسەتمىلەرنى قىسقىچە بايان قىلماقچىمىز.

ئويغىنىش ھەرىكىتى گەرچە كۆپ ساندىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا تايىنىشتىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ يەنىلا «ئاخبارات» شەكلىدىكى تىرىشچانلىق بىلەن مەيدانغا كەلدى.

بۈگۈن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان ئىسلام ئېڭى - اللەنىڭ پەزلى بىلەن - مۇبارەك ئويغىنىشقا ۋە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان كىشىلەرگە ئىسلامنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە تەقدىم قىلىنغان تىرىشچانلىققا مەنسۇپ!

بۇ چوقۇم تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك تىرىشچانلىق...

① اللەنىڭ مېنى «بىز كىشىلەرنى قانداق دەۋەت قىلىمىز؟» ناملىق ئەسىرىمنى يېزىپ چىقىشىمغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. (ئاپتوردىن).

بىز ئالدىنقى ئەسىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىغىنىمىزدا، شۇنى كۆرىمىزكى، غېرىبلىق ئىسلامنى پۈتۈنلەي قورشىۋالدى. ھەتتا، ئىسلام مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ غېرىب (ناتونۇش) بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىن دەپ قىلىۋاتقان ئىشلىرى الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان دىنغا پەقەت ئوخشىمايۋاتاتتى.... ئەگەر بىز ئاشۇ ئەھۋال بىلەن بۈگۈنكى مەيدانلاردىكى جانلىنىشنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، دەۋەت مۇشۇ ساھەدە ئاز ئەمەس ئىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئېنىق بايقايمىز.

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بۇ ساھەدە كۆرسەتكەن ئەڭ گەۋدىلىك خىزمىتى ئىرجائى ئىدىيىسى، سوپىزم ئىدىيىسى ۋە تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش.... نىڭ تەسىرلىرىنى تۈگىتىش ياكى ئازايتىش بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچى ئىسلام ئۈممىتىنى ئاجىز ۋە بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئاساسلىق سەۋەبلەر ئىدى.

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ گەۋدىلىك خىزمەتلىرىدىن يەنە بىرى «لا إله إلا الله»نىڭ مەنىسىنى مەركەزلىك ھالدا چۈشەندۈرۈش بولدى.... «لا إله إلا الله» ئېغىزدا ئېيتىپ قويسىلا بولىدىغان قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئىمان دېگەن ئەمەلدىن ئايرىلغان قۇرۇق سۆز ئەمەس، بەلكى، ئۇ - سەلەفلەر ئېيتقاندەك - سۆز ۋە ئەمەلدۇر ھەمدە رېئال دۇنيادا «لا إله إلا الله»نىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئەمەل قىلىشتۇر. ئىمانىنى پەقەت «لا إله إلا الله»نى ئاغزاكى تەلەپپۇز قىلىش ئىچىگىلا قاماپ قويۇش بىر تەرەپتىن ئىرجائى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى، يەنە بىر تەرەپتىن تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا بولغان قىزغىنلىقنىڭ تەسىرى. ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن

مۇسۇلمانلارنى «لا إله إلا الله»نىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاشۇرۇپ، ئۇلارنى «لا إلــه إلا الله»نى الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ھالىتىدە جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن توسۇش ئۈچۈن يەھۇدى-خرىستىئانلارنىڭ ھۇجۇم ئاپپاراتلىرى پەيدا قىلغان ئازدۇرۇشنىڭ تەسىرى.

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ گەۋدىلىك خىزمەتلىرىدىن يەنە بىرى كىشىلەرنىڭ غەربكە بولغان ھەيرانلىق تۇيغۇسىنى يوقۇتۇش ياكى ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىدىكى تەسىرلىرىنى ئازايتىش بولدى.... بۇ ھەيرانلىق كىشىلەرنى ئىزچىل تۈردە غەربكە قۇل قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ زور ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى رېئال ئەمەلىيەتتە غەربكە تاقابىل تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىدىيە ۋە ھېس-تۇيغۇسىدا غەربكە قارشى تۇرۇشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ گەۋدىلىك خىزمەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، بۇ ھەرىكەت كىشىلەرنى غەربتىن كېلىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتا ئىشىكنى چىڭ تاقىۋىلىپ، جانلىق ھايات كارۋىنىدىن يىراق بېكىنمە ھالەتتە ياشاشقا چاقىرمىدى. بەلكى، غەربنىڭ نەرسىلىرىنى ئاڭلىق تۈردە «تاللاش»، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكنى ئېلىپ، رەت قىلىشقا تېگىشلىكنى «شاللاش»، ئىسلامنى غەرب پرىنسىپلىرىغا ئەمەس، بەلكى، غەربنىڭ نەرسىلىرىنى ئىسلام پرىنسىپلىرىغا بويسۇندۇرغان ئاساستا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى جاكارلىدى.

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاياللار مەيدانىدا قىلغان خىزمىتىمۇ ئۇنىڭ زور، ئۇتۇقلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى

ھېساپلىنىدۇ.... ئاياللار مەيدانى ئىدىيىۋى ھۇجۇم پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىسلامدىن چىقىرىش ئۈچۈن كۈچەپ خىزمەت قىلغان چوڭ ساھەلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، ئانا بالىلىرىنىڭ تۇنجى يېشىدىن باشلاپلا ئۇلاردا ئەقىدە، پەزىلەت ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى بىخلاندۇرىدۇ. ئەگەر ئانا قىز ھالىتىدىلا بۇزۇلسا، ھىجابىنى سېلىپ تاشلىسا، ئىبادەتلىرىگە سەل قارىسا، مودىلارنىڭ، گىرىم بويۇملىرىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ رەببىنى ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇسا، ئېرىش ۋە ئازدۇرۇش مەقسىتىدە يېرىم-يالىڭاچ كىيىملەرنى كىيىپ كوچىغا چىقسا.... ئۇنداقتا ئەقىدىسىز، پەزىلەتسىز ۋە ئەخلاقسىز ئىنسانغا ئايلانغان بۇ ئانا ھەرگىزمۇ بالىلىرىنى تەلەپكە لايىق تەربىيىلەپ چىقالمايدۇ. چۈنكى، يوق نەرسىنى بەرگىلى بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، يەھۇدى-خرىستىئان ھۇجۇمچىلىرى ھىجابلانغان ئايالنىڭ ئېچىۋېتىلگەن، بۇزۇلغان، بۇلغانغان جەمئىيەتتە ياشىشىنى قىيىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ جەھەتتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار يالغۇز ئۇنىۋېرسىتېت قىزلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى، ئاللەغا دۇشمەنلىك قىلىدۇ دەپ قارالغان «سەنئەتكار ئاياللار»غىچە يېتىپ بارغان «ھىجاب كۆرۈنۈشلىرى»گە قارىغىنىچە غەزەپتىن بوغۇلۇپ، يېرىلىپ كېتەي قالدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللەنىڭ پەزلى ۋە ئېھسانىدىن كېيىن دەۋەتنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا مەنسۇپ!

بىراق، دەۋەت بىر قىسىم ئىشلاردا ئالدىراقسانلىق قىلدى. دەۋەتچىلەر بۇنى ئاشۇ ئىشلارغا «كۇپايە» دەپ ئويلىدى.

دەۋەت ھاكىمىيەت بىلەن تىركىشىشتە ۋە ھۆكۈمرانلىقنى

قولغا كەلتۈرۈشتە ئالدىراقسانلىق قىلدى.

هۆكۈمەت بىلەن دەۋەت ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش (قۇراللىق توقۇنۇش) مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىز هالىتىدە دەۋەت تەرەپتىن سادىر بولماسلىقى، بەلكى، ھەر دائىم ھۆكۈمەت تەرەپتىن كېلىشى كېرەك. ھۆكۈمەت كىشىلەرگە «لا إله إلا الله»نىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق جىنايەت سادىر قىلمىغان ئىسلامى دەۋەتكە زەربە بەرگەن چاغدا، كىشىلەر ئەمەلىي رېئاللىقتا ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلامغا بولغان مەيدانىنى ۋە «لا إله إلا الله» دەۋىتىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئېنىق بىلىۋالىدۇ.

ئەمما، ھۆكۈمەت ئىسلامى ھەرىكەتنى نامۇۋاپىق كۆرەشكە سېلىشنىڭ پۇرسىتىنى تاپسىلا، «ئاۋام خەلق»نىڭ تۇيغۇسىدا ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئاندىن «خەلق» ھۆكۈمەتنى ئىسلامغا قارشى تۇرمايدىكەن، بەلكى، «تەرەپبازلىق»قا قارشى تۇرىدىكەن دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ھەرىكىتىدە بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ئېلېمېنت ھېساپلانغان بۇ ماھىيەتلىك مەسىلە خەلقنىڭ ئېڭىدا ئۇزاق زامانلارغىچە ئايدىڭلاشمايدۇ.

دەۋەت يەنە ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلدى.... ئالدىراقسانلىقنى كۆپىنچە ھالدا ئاۋام خەلقنىڭ ھېسسىيات قىزغىنلىقىغا ئالدىنىپ قىلىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھېسسىيات قىزغىنلىقى ئايرىم بىر ئىش، ئۆزىنى «لا إله إلا الله» دەۋىتىگە ئەسكەر قىلىپ تاپشۇرۇش بولسا ئايرىم بىر ئىش.... تەربىيە مەيدانىغا كەلتۈرگەن ئىشلارنى ھاياجانغا تولغان نۇتۇقلار، كىتاب ۋە لېكسىيىلەر مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

دەۋەت بىز تەكىتلەۋاتقان تەربىيە تەرەپتە سۈرەلمىلىك قىلىدى. چۈنكى، تەربىيە دەۋەتنىڭ كۆچلۈك ئومۇرتقىسى بولۇپ، ئۇ مەيلى دەۋەت مەزگىلىدە بولسۇن ياكى دەۋەت كېڭىيىپ، قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە بولسۇن ـ اللەنىڭ پەزلىدىن كېيىن ـ قەلبلەرنىڭ ھەق ئۈستىدە ۋە توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىسلامغا بولغان قىزغىنلىق ياخشى ئەھۋال.... چۈنكى، ئومۇمەن جەمئىيەتنى ـ خۇسۇسەن ياشلارنى ـ بىكار تەلەپ، ئويۇنخۇمار، دىندىن قاچقان، غەربنىڭ يولىغا ئەگەشكەن، تەسەۋۋۇر ۋە ھەرىكەتتە بۇزۇلغان سۈرەتتىن اللەغا يۈزلەنگەن، دەۋەتكە بېرىلگەن، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان سۈرەتكە ئۆزگەرتىش.... ئەلۋەتتە ئويغىنىش ھەرىكىتىگە مەنسۇپ!.

بىراق، بۇ كۆپلىگەن دەۋەتچىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك غايە بولماستىن، بەلكى، بىر باشلىنىش خالاس.

ئىسلامغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن روھىيەتتە ۋە رېئاللىقتا ئىسلامنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلاش ھەمدە ئاڭ ۋە پاراسەت بىلەن ئۆزىنى دەۋەتكە ئەسكەر قىلىپ تاپشۇرۇش ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە بولۇپ، نۇرلۇق، نىشانلىق، تىنچ ۋە ئاستا خاراكتېرلىك تەربىيە ئۇنى بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدۇ.

تەبىئىكى، پۈتكۈل ئۇممەت بىرلا قېتىمدا مۇكەممەل ھالەتتە تەربىيىلىنىپ بولالمايدۇ. ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ ھەر بىر ئۇممەت ئەزاسىنىڭ تەلەپكە لايىق ھالدا تەربىيىلىنىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، تارىختىكى ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە، ھەتتا،

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك تەربىيىچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرغان جەمئىيەتتىمۇ پۈتكۈل ئۇممەت مۇكەممەل تەربىيىلىنىپ بولۇش سەۋىيىسىگە يېتەلىگەن ئەمەس. ئاشۇ جەمئىيەتتىمۇ مۇناپىقلار، سۆرەلمىلەر، پۈتلىكاشاڭلار، ئىمانى ئاجىزلار، قورقۇنچاقلار، ۋە كەلدى-كەتتى ئىشلارغا بېرىلىدىغان يەڭگىلتەك كىشىلەر بار ئىدى. الله قۇرئاندا ئۇلارنى مۇنداق دەپ سۈپەتلىدى.

{إِذَا جَاءَكَ الْمُنَافِقُونَ قَالُوا نَشْهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ اللَّهِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّكَ لَرَسُولُهُ وَاللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَكَاذِبُونَ اتَّخَذُوا أَيْمَانَهُمْ جُنَّةً فَصَدُّوا عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ إِنَّهُمْ سَاءَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ}

«مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: ‹گۇۋاھلىق بېرىمىزكى سەن ھەقىقەتەن اللەنىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن› دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى الله بىلىدۇ، الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن (يەنى اللەنىڭ دىنىدىن) توستى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان!①».

{وَإِنَّ مِنْكُمْ لَمَنْ لَيُبَطِّئَنَّ فَإِنْ أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَالَ قَدْ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيَّ إِذْ لَمْ أَكُنْ مَعَهُمْ شَهِيداً وَلَئِنْ أَصَابَكُمْ فَضْلٌ مِنَ اللَّهِ لَيَقُولَنَّ كَأَنْ لَمْ تَكُنْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُ مَوَدَّةٌ يَا لَيْتَنِي كُنْتُ مَعَهُمْ فَأَفُوزَ فَوْزاً عَظِيماً}

«شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) بار، ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت (يەنى مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنلىق) كەلسە، (ئۇ مۇناپىق) ‹الله ماڭا ھەقىقەتەن مەرھەمەت قىلدى، چۈنكى مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە بولمىدىم (بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا

① سۈرە مۇنافىقۇن: 1- 2- ئايەتلەر.

ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم)› دەيدۇ. ئەگەر سىلەرگە اللەنىڭ پەزلى (يەنى غەلىبە ۋە غەنىيمەت) يەتسە، گويا سىلەر بىلەن ئۇ (يەنى مۇناپىق) نىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق دوستلۇق يوقتەك، ‹كاشكى مەن (ئۇرۇشتا) ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە (يەنى غەنىيمەتتىن زور نېسىۋىگە) ئېرىشكەن بولاتتىم› دەيدۇ①».

{يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيل}

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتتىنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر②».

{أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ يَخْشَوْنَ النَّاسَ كَخَشْيَةِ اللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةً وَقَالُوا رَبَّنَا لِمَ كَتَبْتَ عَلَيْنَا الْقِتَالَ لَوْلَا أَخَّرْتَنَا إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ قُلْ مَتَاعُ الدُّنْيَا قَلِيلٌ وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ لِمَنِ اتَّقَى وَلَا تُظْلَمُونَ فَتِيلاً}

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا: ‹(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار› دېيىلگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا اللە (نىڭ ئازابى) دىن قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ):

① سۈرە نىسا: 72ـ 73ـ ئايەتلەر.
② سۈرە تەۋبە: 38ـ ئايەت.

‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىهادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)› دېدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ‹دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (اللهدىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)› ①».

{وَإِذَا جَاءَهُمْ أَمْرٌ مِنَ الْأَمْنِ أَوِ الْخَوْفِ أَذَاعُوا بِهِ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَإِلَى أُولِي الْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ وَلَوْلا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لَاتَّبَعْتُمُ الشَّيْطَانَ إِلَّا قَلِيلاً}

«(مۇئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۆستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۇئمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە اللهنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار②».

شۇنداق!.... بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئون ئۈچ يىل، مەدىنىدە ئون نەچچە يىل ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ قۇرۇپ چىققان بازا ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى

① سۈرە نىسا: 77- ئايەت.
② سۈرە نىسا: 83- ئايەت.

كۆتـۈرۈپ، مۇشـۇ ئۇممەتنىـڭ مەيـدانغا كېلىـشىدىكى بۈيـۈك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ھەرىكەتلەنـدۈرۈپ ماڭالىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك، چىڭ ۋە ئىمانى مۇسـتەھكەم ئىدى.

{كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ}

«(ئـى مـۇھەممەد ئـۈممىتى!) سـىلەر ئىنـسانلار مەنپەئىتـى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامـانلىقتىن توسىدىغان ئاللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتـىسلەر ①».

{وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً}

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شـاھىت بولۇشـى ئۈچـۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق ②».

كۈچلۈك بـازا قـۇرۇپ چىقـىش ئىـسلامى ھەرىكەتنىـڭ ھەر قانداق بىر يۈزلىنىشكە ھەرىكەت قىلىشتىن ئىلگىرىكى تۇنجى ۋە ئەڭ مۇھىم مەشـغۇلاتى بولۇشـى كېـرەك. بـۇ بـازا تەلەپـكە لايـىق رەۋىـشتە قۇرۇلـۇپ بولغانـدىن كېـيىن، ئانـدىن ئـۇ ئۇممەتنى باياۋاندىن چىقىرىش ئۈچـۈن ئـۇممەتكە رەھبەرلىـك قىلالايدۇ.

* * *

ئەگەر دەۋەتنىڭ ۋە تەلۋىلەرچە سارائىلىق بىـلەن ئىـسلامنى يوقۇتـۇش ئۈچـۈن توپلانغـان دۇنيانىـڭ بۈگـۈنى مۇشـۇنداق

---

① سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.

② سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.

بولسا، ئۇنداقتا، ئەتە نېمىلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن؟!

ئىسلامغا قارىتىلغان بۇ خەلقئارالىق ئېكسپلانتاتسىيەدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە ئەلۋەتتە دەۋەتنىڭ پېشىپ يېتىلىشى بولىدۇ.

بۇ بىر ئىلاھى قانۇنىيەت. اللە بۇ قانۇنىيەتنى ھەر قايسى دەۋردىكى تاغۇتلارنىڭ ھاماقەتلىكى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

{وَلا تَهِنُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ إِنْ يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِثْلُهُ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَتَّخِذَ مِنْكُمْ شُهَدَاءَ وَاللَّهُ لا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ وَلِيُمَحِّصَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَمْحَقَ الْكَافِرِينَ أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ}

«(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر. ئەگەر سىلەرگە شىكەستىلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستىلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىركۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) اللەنىڭ (ھەقىقىي) مۇئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، اللە زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ. مۇئمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر. (ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) اللە سىلەردىن

(ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟①».

ئىسلام ھەرىكىتى رېئال ئەمەلىيەت جەريانىدا دۈشمەنلەرنىڭ مۇئەييەن بىر جامائەتتىكى يوشۇرۇن سەۋەپلەر تۈپەيلى يالغۇز ئاشۇ جامائەتكىلا ئەمەس، بەلكى، ھەر قانداق بىر شەكىلدىكى پۈتكۈل ئىسلامغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالدى. اللەنىڭ پەزلى بىلەن بۇ ئىش ئۆز-ئارا يىراق جامائەتلەنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئارىدىكى زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى تەدرىجىي تۈگىتىدۇ. چۈنكى، بۇ جامائەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىن دۈشمەنلەر قورشاپ تۇرغان ئورتاق بىر جىلغىغا قامىلىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتى رېئال ئەمەلىيەت جەريانىدا «لا إله إلا الله»نىڭ تەلەپلىرىنى زېھنىدا «تونۇپ قويۇش» بىلەن ئۇنى روھىيەتتە ۋە رېئال جەمئىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشمايدىغان ئايرىم ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا «لا إله إلا الله»نىڭ تەلەپلىرىنى - گەرچە بۇ ناھايتى زۆرۈر ۋە مۇھىم بولسىمۇ - كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويۇش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى، مۇشۇ تەلەپلەرنى روھىيەتتە ۋە رېئاللىقتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنچىل تۈردە تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى، بۇنداق بولمىغاندا، ھەرىكەت ھەمىشە اللەنىڭ نەزىرىدە كۈچىيىشكە لايىق بولمايدىغان،

① سۈرە ئال ئىمران: 139- 142- ئايەتلەر.

ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتى رېئال ئەمەلىيەت جەريانىدا مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ توغرا يولغا قايتقانلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان ياكى ئۆزى سۈيقەستچى مالايلارنىڭ كاتتىبېشى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىگە قارشى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان ھەر قانداق ساختىپەزلەرگە ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلايدىغان سىياسى ئاڭ بولۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلىكىنى بىلىۋالىدۇ. يەنە مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلەر ئاستا-ئاستا يېقىنلاشتۇرۇۋاتقان تېيىلغاقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكەت رېتىمىنى ھادىسىلەرنىڭ تەلىۋى بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان ھەرىكەت ئېڭى بولۇش لازىملىقىنى بىلىۋالىدۇ.

ھەرىكەت ئىدىيە، ئەخلاق ۋە ئاڭ جەھەتتە پېشىپ يېتىلگەن چاغدا، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ سۈيقەستى ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ۋە قاتتىق بولىدۇ. بەلكى، ئۇ اللە بەلگىلىگەن تۆۋەندىكى شەرتكە ئۈيغۇن بولىدۇ.

{إِنْ تَمْسَسْكُمْ حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ وَإِنْ تُصِبْكُمْ سَيِّئَةٌ يَفْرَحُوا بِهَا وَإِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا لا يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْئاً إِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ}

«ئەگەر سىلەرگە (كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىمەت قاتارلىق) بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە (ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق) بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن

خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكەتىڭلاردا اللەدىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر①».

* * *

ئەمما، دۈشمەنلەرنى باشقا بىر قىسمەت كۈتۈپ تۇرىدۇ...

بۈگۈن پۈتكۈل يەر شارىدا زالىم تاغۇتلار ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى سىياسىي كۈچ، ھەربىي كۈچ، ئىقتىسادىي كۈچ، ئىلمىي كۈچ ۋە تېخنولوگىيە كۈچى قاتارلىق بارلىق سۈيقەست ۋاستىلىرى بىلەن ئىسلامغا سۈيقەست قىلىۋاتىدۇ.

يەر شارىدا ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تارىخى ۋەقەلەر بىزگە شۇنى ئۆگەتتىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى (تۈرلۈك سۈيقەست ۋاستىلىرى) مۇئەييەن «قىسمەت» ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى ـ ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىۋى بويىچە ـ مەلۇم مەزگىل باتىلنى قۇدرەت تاپقۇزىدۇ، ئاندىن كېيىن باتىل تەلتۆكۈس يىمىرىلىدۇ.

{فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُوا وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ}

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)،

---

① سۈرە ئال ئىمران: 120 ـ ئايەت.

ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللەغا خاستۇر!①».

يەر شارىنىڭ يېرىمىدا باتىل يىمىرىلىپ بولدى، قالغان يېرىمىدا بولسا قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى...

قىممەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورۇنباسار دەل ئىسلامدۇر... ئىسلامدىكى ئەڭ بۈيۈك قىممەت پاراسەت بىلەن ئاللەغا ئىمان كەلتۈرۈش، ھاياتنى ئىلاھى ئۆلچەملەر بىلەن قېلىپلاشتۇرۇش ۋە رېئال ھاياتتا ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئېلىپ كەلگۈچى ئىلاھىي پرىنسىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

بىراق، بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنسان تەقدىم قىلىدىغان زور تىرىشچانلىق بولۇشى كېرەك. بۇ تىرىشچانلىق ۋە جىھادسىز يەر شارى رېئاللىقىدا ھېچنەرسە ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان كېلەچەكتە بۇ تىرىشچانلىقنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر كۆرسىتىدۇ:

بىرىنچى تۈركۈمدىكى كىشىلەرنى بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان «ئويغىنىش» شەكىللەندۈرىدىغان بولۇپ، ئاللەنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ئۇلار ئۇچراۋاتقان قانلىق ئېزىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە سەۋەپلىك ئۇلارنىڭ كۈچى كۆنسېرى ئاشىدۇ ۋە پىشىپ يېتىلىدۇ.

ئىككىنچى تۈركۈمدىكى كىشىلەرنىڭ سانى بۈگۈن ئانچە

---

① سۈرە ئەنئام: 44- 45- ئايەتلەر.

كۆپ ئەمەس. ئۇلار اللە تەرەپتىن تەقدىر قىلىنغان بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلار غەربنىڭ ئۆزىدە مەيدانغا كەلگەن مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى كۈنسېرى ئېشىۋاتىدۇ. ئۇلار دەۋەت ئېكىنزارلىقىدا ئاكتىپچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان غەرب زىيالىيلىرى ۋە بىر قىسىم ئاياللاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ ئاياللار غەربنىڭ «ئىسلام ئاياللارغا زۇلۇم قىلىدۇ» دېگەن يالغان-ياۋىداق تۆھمەتلىرىگە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقى بىلەن جەڭ ئېلان قىلىۋاتىدۇ. ئاياللاغا بولغان ئەڭ زور ھۆرمەتنى دەل ئىسلام ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقى بىلەن جاكارلاۋاتىدۇ.

بۈگۈن ئۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتقان ھەل قىلغۇچ كۆرەش اللە تەرەپتىن تەقدىر قىلىنغان بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىدۇ.

{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ لِيَسُوءُوا وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا الْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا مَا عَلَوْا تَتْبِيراً}

«ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى خاراب قىلىشى) ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق) ①».

{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفاً}

«ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا

① سۈرە ئىسرا: 7- ئايەت.

سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز ①».

«لا تقوم الساعة حتى يقاتل المسلمون اليهود، فيقتلهم المسلمون، حتى يختبئ اليهودي من وراء الحجر والشجر ، فيقول الحجر أو الشجر يا مسلم ، يا عبد الله ! هذا يهودي خلفي ، فتعال فاقتله .. »

(مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا، بىر يەھۇدى تاش ياكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا ئاشۇ تاش ياكى دەرەخ: «ئى مۇسۇلمان! ئى اللەنىڭ بەندىسى! بۇ يەھۇدى مېنىڭ ئارقامدا، كەل، ئۇنى ئۆلتۈر!» دەيدۇ ②).

مانا بۇ چاغدا تارىخ ئۆزگىرىدۇ..... كىشلەر بىرىنچى قېتىمدىكىدەك اللەنىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىدۇ. الله يەنە بىر قېتىم يەر شارىدا ئىسلام ئۈچۈن قۇدرەت ۋە گۈللىنىشنى تەقدىر قىلىدۇ.

{وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ}

«الله (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ ③».

---

① سۈرە ئىسرا: 104- ئايەت.
② ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
③ سۈرە يۇسۇف: 21- ئايەت.